
1

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە 1-دەرىجىلىك ژۇرنال

# ياچېيكا تۇرمۇشى

2000



ISSN 1002-9451
01>
9 771002 945002



ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن مۇھىم سۆز قىلماقتا



رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت يىغىندا مۇھىم سۆز قىلماقتا

# ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنى ئاچتى


ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنى 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: مەركەزنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، 1999 ـ يىللىق خىزمەتلەرنى يەكۈنلەپ 2000 ـ يىللىق ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە باشقا مۇھىم خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىكتە ئومۇمىيەتنى ئىگىلەپ پۇختا خىزمەت ئىشلەپ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تىرىشىپ يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشكە سەپەرۋەر قىلىشتىن ئىبارەت.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن مۇھىم سۆز قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەمدە سۆز قىلدى. يىغىنغا ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن ھامىدىن نىياز، جانابىل، قېيۇم باھاۋۇدۇن، جاڭ ۋېنيۆ، ئەسقەت كەرىمباي، چېن دېمىن، ۋۇدۇنفۇ، خوجايەن، ئىسمائىل تىلىۋالدى، جاڭ چىڭلى، جۇيۇەنلەر، شۇنداقلا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، نازارەت، ئىدارە، بۆلۈم، كومىتېت، ئالىي مەكتەپلەر، چوڭ تىپتىكى كارخانىلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن بولۇپ 500 گە يېقىن كىشى قاتناشتى.


يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار ئاپتونوم رايوننىڭ 2000 ـ يىللىق يېزا ئىگىلىكى، سانائەت، ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى، 3 ـ كەسىپ، پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئەستايىدىل مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ بىر مۇنچە ياخشى تەكلىپ پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

لى يۈگۇاڭ خەۋىرى ۋە فوتوسى



▲ يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار ئەستايىدىللىق بىلەن مۇھاكىمە ئېلىپ بارماقتا

▼ يىغىن زالىدىن بىر كۆرۈنۈش





# 2000 ـ يىللىق ئىقتىسادىي خىزمەتنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە ئومۇمىي تەلپى

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 15 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەركەزنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشكە دائىر بىر قاتار سىياسەت، تەدبىرلىرىنى داۋاملىق يولغا قويۇش، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى، پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇش ۋە ئىچكى ئېھتىياجنى ئاشۇرۇش. يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق ئورنىنى يەنىمۇ مۇقىملاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى كۈچەپ تەڭشەپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئامالنىڭ بارىچە ئاشۇرۇش، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى مەركىزىي ھالقا قىلىپ زىياننى تۈگىتىش، پايدىنى ئاشۇرۇشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش ۋە زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش، ئاكتىپ مالىيە سىياسىتىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، پۇل سىياسىتىنىڭ رولىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، باج، باھا قاتارلىق ماكرولۇق تەڭشەش ـ تىزگىنلەش ۋاستىلىرىدىن ئومۇميۈزلۈك پايدىلىنىش، ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى چىڭ تۇتۇپ، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى تېزلىتىپ، ئىستېمالنى تىرىشىپ كېڭەيتىش. ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، ئىمپورت ـ ئېكسپورتنى پائال ئاشۇرۇش، چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ ياخشىلاش، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ داۋاملىق، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئىجتىمائىي ئومۇمىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭى ئەسىرنى ئەلا نەتىجىلەر بىلەن كۈتۈۋېلىش.

**مۇھىم ھۆججەتلەر، مۇھىم ئىشلار**

پايتەختتىكىلەرنىڭ ئاۋمىنىنىڭ ۋەتەن قويىنىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ............... جياڭ زېمىن 4

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ........... جياڭ زېمىن 6

ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قويىنىغا قايتقانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز ...... 9

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «سىياسىي ـ ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكرى» (قىسقارتىلمىسى)........................................................................ 12

جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەپ، 2000 ـ يىللىق ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش كېرەك........................ 16

توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم........................................... 17

دۆلىتىمىزنىڭ «خاسىيەتلىك كېمە» سى ئالەم بوشلۇقىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقتى....................................................... 18

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئادەم توشۇيدىغان ئالەم كېمىسى قۇرۇلۇشىدىكى تۇنجى قېتىملىق سىناق ئۇچۇشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى تەبرىكلەش تېلېگراممىسى ........................................... 19

**بىلىم يۇرتى**

دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى (8 پارچە) ................. 20

**ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى**

ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش قۇرۇلۇشىنى ئىسلاھات روھى بويىچە ئىلگىرى سۈرۈش لازىم...................جۇ يۈەن 24

**4 ـ ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى ۋە ئىزچىللاشتۇرايلى**

«ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىغا دائىر بىر قانچە زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى»نى ئۆگىنىش ھەققىدە سوئال ـ جاۋابلار ............................................. 26

**پارتىيە دەرسى**

كومپارتىيە ئەزالىرى ماركسىزملىق ماتېرىيالىزمدا چىڭ تۇرۇشى لازىم ........................................................... ۋ. داۋۇت 30

**«3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى**

ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى پۇختا، ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك........................ 34

**دەۋرىمىز ئاۋانگارتلىرى**

پاك قەلب، شىپالىق قول ........................... ئە. خىزمەت 36

**مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى**

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى



**تېلېفون: 2391829، 2391698، 2391879**

**ھەر ئاينىڭ 10 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ.**






**● ج ك پ ش ئۇ ئا ر كومىتېتى تەشكىلات، تەشۋىقات بۆلۈملىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىقىرىلىدۇ**

* * *

**● سىياسىي، نەزەرىيە ۋە تەشۋىقات خاراكتېرلىك ئۇنىۋېرسال ژۇرنال**

* * *

**● ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل تىللىرىدا نەشر قىلىنىدۇ**

* * *

**● مۇھەررىرلەر:** ئەركىن ئىمىن، قۇدرەت مجت، زۇلپىيە موللاخون، ئارزۇگۈل تۇرسۇن

**● تەكلىپلىك مۇھەررىر:** قادىر داۋۇت

* * *

**● گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى:** ئابدۇسالام ئابدۇراخمان

* * *

**● نۆۋەتچى مۇھەررىر:** زۇلپىيە

مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە مۇستەھكەملەش كېرەك .................
.......................................... ئا. تۇرسۇنىياز 39

## كۆڭۈل ۋە تىلەك

ئىبسىل پەزىلەتلىك روھ (6 پارچە) .............................................. 42

## چەمبىيەتكە نەزەر

سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى ھەقىقىي يەڭگىل-
لىتەيلى ........................................................ ئا. تۇراپ 44

## ياچېيكا خىزمىتى

بىز پارتىيە قۇرۇلۇشىنى قانداق تۇتتۇق؟................... ئا. ئابدۇراخمان 48

## سىياسەت مەسلىھەتچىسى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى، كادىرلار ئىشلىرى مى-
نىستىرلىكى، مەركىزىي شتات كومىتېتى ئىشخانىسى، مالىيە مىنىستىرلىكى-
نىڭ ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ يېزا ئاساسىي قاتلام
خىزمىتىگە ئەۋەتىشكە ئائىت مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى ..............
(3 پارچە) ............................................................... 51

## تەرمىلەر گېزىتى

2000 ـ يىللىق ئىقتىسادىي خىزمەتنىڭ 5 تۈرلۈك ئاساسىي ۋەزىپىسى
(7 پارچە) ............................................................... 54

## ئاممىۋى سۆھبەت

كەنت كادىرلىرىنىڭ ئومۇمنىڭ پۇلىغا يەپ ـ ئىچىش شامىلىنى قەتئىي
توسۇش كېرەك.............................................. ئى. ۋەلى 56

## پارتىيە قۇرۇلۇشى ئۇچۇرلىرى

قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئاقتۇ ناھىيىسىگە 300 مىڭ
يۈەن ئىئانە قىلدى (6 پارچە) .............................................. 58

## مۇلازىمەت مۇنبىرى

پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىشتا قايسى خىل ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلىنى قوللى-
نىش لازىم؟ (5 پارچە) ..................................................... 60

## پارتىيە ئەزالىرى ساداسى

يېزىلاردىكى پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشىنى ياخشى
ئۆتكۈزۈشكە كۆڭۈل بۆلۈش لازىم(3 پارچە) .................................. 62

## تارىخ ۋە شەخس

50 يىلدىكى چوڭ ئىشلار ..................................................... 64

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا.....................
.................................... ئاسائا، ۋاڭ چىڭلۇڭ، جارقىنلار فوتوسى

مۇقاۋىنىڭ 4 ـ بېتىدە: بوغدا كۆلىدىكى تۇنجى قار ..... يەن شەن فوتوسى

بۇ ساندىكى قىستۇرما رەسىملەرنى ئابلىمىت تۇرسۇن، ئاسائا، مۇختەر ئە-
پىرىلەر سىزغان

بۇ ساندا يىرتىلىپ كەتكەن، چۈشۈپ قالغان، بۇلغىنىپ كەتكەن، تەكرار ئالمىشىپ قالغان بەتلەر بولسا، بىۋاسىتە باسما زاۋۇتى بىلەن ئالاقىلىشىپ ئالماشتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغايسىز !

ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھەر ياڭزىجياڭ يولى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتى (پوچتا نومۇرى : 830051)

**2000 ـ يىل 1 ـ سان**

**(ئومۇمىي 432 ـ سان)**

**«شىنجاڭ ئاۋانگارتلىرى» ژۇرنىلى نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى**

* * *

**«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى**

* * *

**مەملىكەت ئىچىدە بېرىلىككە كەلتۈرۈلگەن ژۇرنال-لار نومۇرى**

CN65- 1002 / 2

* * *


**مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىدۇ**

* * *

**ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تەرپىدىن تارقىتىلىدۇ**

* * *

**ئادرېسى: ئۈرۈمچى ساغلام يولى 2 ـ قورۇ**



# پايتەختتىكىلەرنىڭ ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

(1999 يىل 12 ئاينىڭ 20 كۈنى)

جياڭ زېمىن

يولداشلار، دوستلار:

بۈگۈن ھەيۋەتلىك بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق ۋە ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايون بايرىقى ئاۋمېندا چىقىرىلدى، دۆلىتىمىز ھۆكۈمىتى ئاۋمېنغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى رەسمىي قۇرۇلدى. بۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ شياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇلۇپ كەلگەندىن كېيىنكى يەنە بىر كاتتا ئىشى، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇلۇغ ئىشىنى ئاشۇرۇشىمىزدىكى يەنە بىر مۇھىم ناماياندە. ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان جاپالىق كۈرەش قىلغانلىقى ۋە جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىز ۋە بارلىق جۇڭخۇا پەرزەنتلىرىنىڭ شان-شەرىپى ۋە ئىپتىخارى، شۇنداقلا دۇنيا ھەققانىيەت ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى!

كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان بۇ پەيتتە بىز يولداش ماۋ زېدۇڭ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىق پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنى ۋە مىللەتنىڭ ئازادلىقى، خەلقنىڭ بەختى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكى، قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن ھاياتىنى تەقدىم قىلغان ۋە ئۆمۈر بويى كۈرەش قىلغان ئىنقىلابىي قۇربانلارنى، پېشۋالىرىمىزنى چوڭقۇر ياد ئېتىۋاتىمىز، بىز ئۇلارنىڭ ۋەتەن ۋە خەلق ئۈچۈن قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسىنى مەڭگۈ ئېسىمىزدە ساقلايمىز!

ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكى ئاۋمېندا يېڭى دەۋر ئاچتى. ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار بۈگۈندىن باشلاپ بۇ زېمىننىڭ ھەقىقىي خوجايىنىغا ئايلاندى. ۋەتىنىمىز زامانىۋىلىشىش ئىشلىرىنىڭ كۈنسېرى گۈللىنىشى ئاۋمېننىڭ تەرەققىياتىغا ئۈزلۈكسىز يېڭى ھاياتىي كۈچ قوشىدۇ. ۋەتەن خەلقى ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارنىڭ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىدە مەڭگۈ مۇستەھكەم ئارقا تىرەك بولىدۇ.

ئاۋمېننىڭ ۋەتەندىن ئايرىلىشى ۋە قايتىپ كېلىشى يېقىنقى زاماندىن بۇيانقى جۇڭخۇا مىللەتلىرى تەرەققىيات تارىخىنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى ھېسابلىنىدۇ. ئىلگىرىكى ئاۋمېن كونا جۇڭگو نامرات، ئاجىزلىقتىن بوزەك قىلىنغان ئەھۋالدا پورتۇگالىيە تەرىپىدىن تەدرىجىي ئىگىلىۋېلىنغان. بۈگۈنكى ئاۋمېن يېڭى جۇڭگو گۈللەپ، قۇدرەت تېپىشقا قاراپ مەردانە قەدەم تاشلىغان مۇساپە داۋامىدا غەلىبىلىك ھالدا ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلدى. بۇ تارىخىي ئۆزگىرىش ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگو ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى تولۇق نامايان قىلدى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «بىر دۆلەت، ئىككى خىل تۈزۈم» ئۇلۇغ تەسەۋۋۇرى بىزنىڭ شياڭگاڭ، ئاۋمېن ۋە تەيۋەن مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ۋەتەننى پۈتۈنلەي بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىزدىكى بىردىنبىر توغرا فاڭجېن. «بىر دۆلەت، ئىككى خىل تۈزۈم»نىڭ شياڭگاڭدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى ئاۋمېننى قىممەتلىك تەجرىبە بىلەن تەمىنلىدى. مەركىزىي ھۆكۈمەت «بىر دۆلەت، ئىككى خىل تۈزۈم»، «ئاۋمېننى ئاۋمېنلىقلار ئىدارە قىلىش»، يۇكسەك ئاپتونومىيە فاڭجېنىنى قەتئىي تەۋرەنمەي يولغا قويۇپ، ئاۋمېننىڭ ھازىرقى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈمى، تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتمەي،

قانۇننى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزگەرتمەي ساقلاپ قالىدۇ. بىز ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ باش مەمۇرىي ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە بېجىرىشىنى قەتئىي تەۋرەنمەي قوللايمىز. ئاۋمېن ئاھالىلىرىنىڭ ئاۋمېن نېگىزلىك قانۇنىدا بېرىلگەن ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكتىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشىغا قەتئىي كاپالەتلىك قىلىمىز. ئاۋمېنغا سىرتتىن كېلىپ مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ مەنپەئەتى قانۇن بويىچە قوغدىلىدۇ. ئىشىنىمىزكى، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار ۋە ھەر ساھەدىكى زاتلار چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئاۋمېننى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىدۇ.

مۇشۇ مىنۇتلاردا، مەملىكەت ئىچىدىكى خەلقلەر شىياڭگاڭلىق قېرىنداشلار، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار بىلەن ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت مىللەتنىڭ بۇ كاتتا ئىشىنى تەبرىكلەۋاتقاندا، تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنىڭمۇ بىزگە ئوخشاشلا خۇشال - خۇرام كەيپىياتتا بولۇۋاتقانلىقىغا ئىشىنىمەن. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق ۋەتەنپەرۋەر قېرىنداشلار ۋە دۇنيادىكى ئوقۇمۇشلۇق زاتلار شىياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا ئوڭۇشلۇق قايتىپ كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت پاكىتتىن «بىر دۆلەت، ئىككى خىل تۈزۈم»نىڭ ئىلمىيلىكى ۋە توغرىلىقىنى، «بىر دۆلەت، ئىككى خىل تۈزۈم»نىڭ تەيۋەن مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتتى. بىر جۇڭگو پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، جۇڭگونىڭ پۈتۈنلەي بىرلىككە كېلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق جۇڭگو خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى، بۇنى ھەرقانداق كۈچ توسۇپ قالالمايدۇ. بىز تەيۋەن دائىرىلىرىنىڭ تارىخىي ئېقىمغا زىت ئىشلارنى قىلماسلىقىنى، ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ پەيدا قىلماسلىقىنى، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ۋە پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمىز. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقى جۇڭگونى پارچىلاش يولىدىكى سۈيقەستلەرگە ھەرگىز قول قوشۇپ تۇرمايدۇ. «تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش، بىر دۆلەت، ئىككى خىل تۈزۈم» فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بىزنىڭ تەيۋەن مەسىلىسىنى بالدۇرراق ھەل قىلىپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى ئورۇنداشقا ئىرادىمىز، تولۇق ئىقتىدارىمىز بار.

يېڭى جۇڭگو ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن قۇياشتەك شەرق ئاسمىنىدا قەد كۆتۈرگەندىن باشلاپ، نۇرغۇن جەۋرى - جاپانى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ۋەتەن زېمىنىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئۆز تەقدىرىنى ئىگىلىگەن جۇڭگو خەلقى پارتىيە رەھبەرلىكىدە جاپالىق ئەمەلىيەت ئارقىلىق جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ يولىدا مېڭىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشىنىڭ پارلاق كېلەچىكىنى ياراتماقتا.

تارىخ بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، جۇڭخۇا مىللەتلىرى دۇنيادىكى مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالماقچى بولىدىكەن، چوقۇم دۇنياغا نەزەر سېلىپ، داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، غەيرەتكە كېلىپ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشكە تىرىشىپ، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى، دۆلەت مۇداپىئە ئەمەلىي كۈچى ۋە مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقىنى داۋاملىق كۈچەيتىشى لازىم. بۈگۈنكى دۇنيادىكى كەسكىن رىقابەت ئالدىدا تىرىشمىساق ئارقىدا قالىمىز. بىز چوقۇم ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدوڭ ئىدىيىسى، بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن دۇنيا ۋەزىيىتى ۋە دۆلەتنىڭ تەقدىرىنى كۆزىتىش، جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئۆز يولىمىزدا مېڭىپ، سوتسىيالىستىك ئىسلاھات ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىپ، جۇڭگونىڭ تەرەققىيات ۋە گۈللىنىشىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى مەنزىل ئېچىشىمىز لازىم.

21-ئەسىرنىڭ قوڭغۇراق ساداسى چېلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ. سىياسىي جەھەتتە كۆپ قۇتۇپلىشىش ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە دۇنياۋىلىشىش كەلگۈسى دۇنيادىكى ئىككى چوڭ يۈزلىنىش. بىز كەسكىن رىقابەتتە، شۇنداقلا تېپىلغۇسىز تەرەققىيات پۇرسىتىگە دۇچ كېلىۋاتىمىز. رىقابەت ۋە پۇرسەت ئەقىل - پاراسىتىمىز ۋە كۈچىمىزنى سىنىماقتا. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ دۆلىتىمىزنى باي، دېموكراتىك، مەدەنىي، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، ئىنسانلارنىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتەك ئۇلۇغۋار ئىشلار ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشۇشى لازىم!

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

(1999 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى)

## جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن

خانىملار، ئەپەندىلەر، قېرىنداشلار:

بۈگۈن ئاۋمېندىكى قېرىنداشلار بىلەن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىرلىكتە ئاۋمېننىڭ ۋەتەنگە قايتۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەيدىغان كۈن. جۇڭگو، پورتۇگالىيە ھۆكۈمەتلىرى ئاۋمېن ھاكىمىيىتىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ـ ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئاۋمېنغا ئىگىلىك ھوقۇقى يۈرگۈزۈشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكىنى تەنتەنىلىك جاكارلىدى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى رەسمىي قۇرۇلدى. بۇ ئاۋمېندىكى قېرىنداشلارنىڭ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ زېمىننىڭ خوجايىنىغا ئايلانغانلىقى، ئاۋمېننىڭ تەرەققىياتىنىڭ يېپيېڭى دەۋرگە كىرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ كاتتا ئىشلار تارىخىي سەھىپىسىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئالىدۇ!

بۇ تەنتەنىلىك تارىخىي پەيتتە، مەن مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ۋە مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ۋاكالىتەن ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىگە قايتۇرۇپ كېلىنگەن ئاۋمېنلىق قېرىنداشلاردىن سەمىمىي ھال سورايمەن! ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشقان مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدىكى بارلىق قېرىنداشلارغا سەمىمىي مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن! مەن يەنە جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ئۇنى قوللىغان خەلقئارادىكى بارلىق دوستلارغا رەھمەت ئېيتىمەن! بۇ قېتىمقى تەبرىكلەش مۇراسىمىغا قاتناشقان ھەرقايسى ئەللىك ئەزىز مېھمانلار ۋە دوستلارنى قارشى ئالىمەن!

بۇ تەنتەنىلىك تارىخىي پەيتتە بىز دېڭ شياۋپىڭ ئەپەندىنى چوڭقۇر ئەسلىمەكتىمىز. ئۇ ئۇلۇغ سىياسىي جاسارەت ۋە ئاجايىپ ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان «بىر دۆلەت، ئىككى خىل تۈزۈم» فاڭجېنى شياڭگاڭ، ئاۋمېن ۋە تەيۋەن مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن توغرا يول كۆرسىتىپ بەردى. ئاۋمېننىڭ غەلىبىلىك قايتۇرۇۋېلىنغانلىقى شياڭگاڭ قايتۇرۇلغاندىن كېيىن جۇڭگو خەلقىنىڭ ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى ئورۇنداش يولىدا تىكلىگەن يەنە بىر تارىخىي ئابىدىسى.

ئاۋمېن ئەزەلدىن جۇڭگونىڭ زېمىنى، جۇڭگو خەلقى ئاۋمېندىن ئىبارەت ۋەتىنىنىڭ بۇ مۇقەددەس زېمىنىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن تىز پۈكمەي كۈرەش قىلدى. ئاۋمېن ئۇزاق مۇددەت ۋەتەندىن ئايرىلىپ تۇرسىمۇ، قېرىنداشلىق مۇھەببەت، مىللىي ھەققانىيەت ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار بىلەن ۋەتەن خەلقىنى باشتىن ـ ئاخىر زىچ بىرلەشتۈردى. كۈنساناپ گۈللىنىۋاتقان سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىز ئاۋمېندا دەۋر بۆلگۈچ ئۆزگىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى تۈپ كۈچ ھېسابلىنىدۇ. ئاۋمېننىڭ قايتۇرۇۋېلىنىشى دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە ھەققانىيەت ئىشلىرىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى. بۇ ئىنسانىيەت تە-

رەققىياتىنىڭ تارىخىي ئېقىمىنى ھەرقانداق كۈچنىڭ توسۇۋالالمايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى.

جۇڭگو، پورتۇگالىيە ھۆكۈمەتلىرى سۆھبەت ئارقىلىق ئاۋمېن مەسىلىسىنى ھەل قىلدى، بۇ دەۋر تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئاقىلانە سىياسىي تەدبىر. مەن بۇ يەردە ئاۋمېن مەسىلىسىنى ھەل قىلىش يولىدا تىرىشقان پورتۇگالىيىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى ۋە سىرتىدىكى زاتلارغا مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن. ئاۋمېن مەسىلىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلىنغانلىقى جۇڭگو، پورتۇگالىيە خەلقلىرى دوستلۇقىنىڭ 21 ـ ئەسىردىكى تەرەققىياتىنى يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسى بىلەن تەمىن ئەتتى.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئاۋمېنغا ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئاۋمېن ئەسلىدىكى كاپىتالىزم تۈزۈمىنى داۋاملىق يولغا قويىدۇ، ئەسلىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈملەرنى ۋە تۇرمۇش شەكلىنى ساقلاپ قالىدۇ، قانۇنلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزگەرمەيدۇ، خۇسۇسىي مۈلۈك ھوقۇقى قانۇن بويىچە قوغدىلىدۇ. ئاۋمېن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى سۈپىتىدە دىپلوماتىيە ئىشلىرى بىلەن مۇداپىئە ئىشلىرىنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى باشقۇرغاندىن سىرت، ئاۋمېن نېگىزلىك قانۇندا بېرىلگەن يۈكسەك ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن، جۈملىدىن مەمۇرىي باشقۇرۇش ھوقۇقى، قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى، مۇستەقىل ئەدلىيە ھوقۇقى ۋە ئاخىرقى كېسىم ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئاۋمېندىكى پورتۇگال پۇشتىدىن بولغان ئاھالىلەرنىڭ مەنپەئەتى قانۇن بويىچە قوغدىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ھۆرمەتلىنىدۇ. ئاۋمېندا نۇرغۇن چەتئەللىك ياشايدۇ، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى يەنىلا ئۇلارنىڭ خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىدىغان يۇرتى. كەلگۈسىدىكى ئاۋمېندا بارلىق ئاھالىلەرنىڭ مىللىتى ئايرىلمايدۇ، ھەممە ئادەم باراۋەر رىقابەتلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ، قانۇن كاپالەتلىك قىلىدىغان ھەر خىل ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولىدۇ.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئاۋمېنغا ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى داۋاملىق ئەركىن پورت ۋە مۇستەقىل تاموژنا بېجى رايونى بولۇش سۈپىتى بىلەن «جۇڭگو ـ ئاۋمېن» دېگەن نامنى قوللىنىپ، ھەرقايسى ئەللەر، رايونلار ھەم ئالاقىدار خەلقئارا تەشكىلاتلار بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قالىدۇ ۋە راۋاجلاندۇرىدۇ. ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى مالىيىدىكى مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالىدۇ، ئۆز ئالدىغا باج ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ، مەركىزىي ھۆكۈمەت ئاۋمېندىن باج ئالمايدۇ. ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى ئىقتىساد ـ سودا، پۇل مۇئامىلىسى، مائارىپ، تېببىي داۋالاش، سەھىيە، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت، دىن قاتارلىق جەھەتلەردىكى سىياسەتلەرنى قانۇن بويىچە ئۆز ئالدىغا تۈزۈپ چىقىدۇ، يەنە ئۆز جايىنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىگە ئاساسەن ساياھەتچىلىك، كۆڭۈل ئېچىشقا دائىر سىياسەتلەرنى ئۆز ئالدىغا تۈزىدۇ. دۇنيا ئەللىرىنىڭ، ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئاۋمېندىكى ئىقتىساد ـ سودا پائالىيىتى ۋە مەبلەغ مەنپەئەتى قانۇن بويىچە قوغدىلىدۇ.

مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئاۋمېنغا قاراتقان فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ نېگىزلىك قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەر دۆلەتنىڭ ۋە ئاۋمېننىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن شۇنداقلا ھەرقايسى ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ مەنپەئەتىگىمۇ ئۇيغۇن، ئۇ ئاۋمېننىڭ ئۇزاق مۇددەت مۇقىم تەرەققىي قىلىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ نېگىزلىك قانۇنى ئاۋمېننىڭ ئاساسىي قانۇن خاراكتېرلىك قانۇنى شۇنداقلا مەملىكەت خاراكتېرلىك قانۇن، ئۇنىڭغا ئاۋمېنلىقلار رىئايە قىلىپلا قالماستىن، مەملىكەت بويىچە يۇقىرى تۆۋەندىكىلەرنىڭ ھەممىسى رىئايە قىلىشى كېرەك. مەركىزىي ھۆكۈمەتكە قاراشلىق ھەرقايسى تارماقلار ۋە مەملىكەتتىـ

كى ھەرقايسى جايلارنىڭ ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ نېگىزلىك قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ئۆز ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىغا ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

مەن بۈگۈن قەسەم بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغان ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ تۇنجى باش مەمۇرى خې خۇخۇا ئەپەندىنى چىن قەلبىمدىن تەبرىكلەيمەن! مەركىزىي ھۆكۈمەت مەمۇرىي ئەمەلدارغا ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىگە تولۇق ئىشىنىدۇ ھەم ئۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايدۇ.

ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار جۇڭگو خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشى ۋە ۋەتەننى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار ئۆتكۈنچى مەزگىلدىكى تۈرلۈك ئىشلارغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئاۋمېننىڭ ئوڭۇشلۇق قايتۇرۇۋېلىنىشى ئۈچۈن قىممەتلىك تۆھپە قوشتى. بىز ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارنىڭ ۋەتەننى، ئاۋمېننى سۆيۈشتەك شەرەپلىك ئەنئەنىنى جەزمەن داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، ئاۋمېننىڭ ئۇزاق مۇددەت مۇقىم بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ساقلاش، دۆلەتنىڭ ۋە مىللەتنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

ئۇلۇغ ۋەتەن مەڭگۈ ئاۋمېننىڭ قۇدرەتلىك ئارقا تېرىكى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى جايلىرىدىكى خەلق ئاۋمېننىڭ مۇقىم بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا كۆڭۈل بۆلدى ۋە ئۇنى قوللاپ كەلدى، ئاۋمېننىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى كۈن ساناپ قويۇقلاشتى، ئاۋمېن قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋەتەننىڭ چەت ئەللەر بىلەن ئالاقە باغلاشتىكى مۇھىم كۆۋرۈكلۈك ۋە كۆزنەكلىك رولى جەزمەن ئۈزلۈكسىز كۈچىيىدۇ. مۇقىم ئىجتىمائىي مۇھىت ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ۋە خەلقنىڭ خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىشىنىڭ تۈپ شەرتى. مەركىزىي ھۆكۈمەت ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىنىڭ ئاۋمېننىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى ساقلاش ئۈچۈن قوللىنىدىغان بارلىق زۆرۈر تەدبىرلىرىنى قەتئىي قوللايدۇ. مەن ئاۋمېن خەلقىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋە ۋەتىنىمىزدىكى 1 مىليارد 200 مىليون خەلقنىڭ قوللىشى، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشى ئارقىسىدا جەزمەن تېخىمۇ تىرىشىپ جاسارەت بىلەن يول ئېچىپ، ئۆزىنى كۈچەيتىپ، ئاۋمېننىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

21 ـ ئەسىرنىڭ تاڭنۇرى ئۇپۇق سىزىقىدا كۆرۈندى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى «تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش، بىر دۆلەت، ئىككى خىل تۈزۈم» فاڭجېنى بويىچە ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتەك ئۇلۇغ ئىشنى ئورۇندايدۇ. «بىر دۆلەت، ئىككى خىل تۈزۈم» نىڭ شياڭگاڭ بىلەن ئاۋمېندا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈلۈشى تەيۋەن مەسىلىسىنىڭ بالدۇرراق ھەل قىلىنىشىدا جەزمەن ئىجابىي تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلق ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ھىمايە قىلىدىغان، ۋەتەننىڭ گۈللىنىشىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان بارلىق ۋەتەنپەرۋەر زاتلار تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، جۇڭگونى باي، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك زامانىۋى دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاكتىپ تۆھپە قوشۇشى كېرەك. كەلگۈسىدىكى دۇنيا ئۇزاق مۇددەتلىك تىنچلىققا قاراپ ماڭىدۇ، ھەرقايسى ئەللەر ئورتاق راۋاجلىنىدۇ ۋە ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىدۇ. جۇڭگو خەلقى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى بىلەن بىرلىكتە دۇنيانىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتىش ئۈچۈن ھارماي ـ تالماي كۈرەش قىلىشنى خالايدۇ!

ھەرقايسىلىرىڭىزغا رەخمەت.

### جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ شانلىق تارىخىي سەھىپىسى

# ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتقانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز

**«خەلق گېزىتى»نىڭ باش ماقالىسى**

1999-يىل 12-ئاينىڭ 20-كۈنى سائەت 0 دە ئاۋمېن مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ باغچا مېھمانخانىسىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت شېئىرى ياڭراپ، بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق چىقىرىلىپ، دۇنياغا ئاۋمېننىڭ ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتقانلىقى تەنتەنىلىك جاكارلاندى. بۇ شىياڭگاڭ 1997-يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنى ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتۇرۇلغاندىن كېيىن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدىكى يەنە بىر كاتتا ئىشى. جۇڭگو - پورتۇگالىيە ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئاۋمېن ھاكىمىيىتىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش-ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەنلىكى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ جاكارلانغانلىقىنى بەلگە قىلغان ھالدا، ئاۋمېننىڭ يېڭى ئەسىرگە كىرگەنلىكى جاكارلاندى، ئاۋمېننىڭ تەرەققىياتى يېڭى دەۋرگە كىردى، جۇڭگو - پورتۇگالىيە دۆلەتلىرى، خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقى ۋە ئىككى دۆلەتنىڭ دوستلۇق ھەمكارلىقى ئەمدى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا ئالغا قاراپ راۋاجلىنىدۇ.

بۇ تەنتەنىلىك ئۇلۇغ تارىخىي پەيتتە، ۋەتىنىمىزدىكى 100 مىليونلىغان خەلق بۇ ئالەمشۇمۇل ئىشنى بىرلىكتە تەبرىكلىدى؛ دۇنيانىڭ جاي - جايلىرىدىكى جۇڭخۇا پەرزەنتلىرى شاد - خۇراملىققا چۆمدى. بۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن كۈنى بولۇپ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارنىڭ كاتتا بايرىمى شۇنداقلا ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭمۇ كاتتا بايرىمى ھېسابلىنىدۇ. بىز ئالتۇن قەدەھنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈللەنگەنلىكى، دۆلىتىمىزنىڭ قۇدرەت تاپقانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز.

ئاۋمېن ئەزەلدىنلا جۇڭگونىڭ زېمىنى. پورتۇگالىيە 16-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاۋمېننى ئىشغال قىلىۋالغان. جۇڭگو خەلقى ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش، قان قېرىنداشلارنى جەم قىلىش ئۈچۈن ئۇزاققىچە جاپالىق كۈرەش قىلدى. ئەمما فېئودال خاندانلىق ئاجىز، نادان بولغانلىقى؛ مىلتارىستلار بۆلۈنۈپ قالايمىقان ئۇرۇش قىلىپ تىنچىمىغانلىقى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى چىرىكلىشىپ كارغا كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن يۇقىرىقى ئارزۇ - ئارمانلار ئارقا - ئارقىدىن بەربات بولغانىدى. نەچچە مىڭ يىللىق ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىشتىن مەقسەت بىرلىككە كەلتۈرۈشتە ئىدى. ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ 5000 يىللىق ئۇزاق تارىخىدا بىرلىككە كەلتۈرۈش جۇڭگونىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ كەلگەن. بىرلىكتە چىڭ تۇرۇش، بۆلۈنۈشكە قارشى تۇرۇش جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قەدىمدىن بۇيانقى شانلىق ئەنئەنىسى بولغان. ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئېڭى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىگە چوڭقۇر سىڭگەن. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق تارىخىي بايلىقى ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىن شەكىللەنگەن غايەت زور ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە ئىنتىلىش كۈچى تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئوتتۇرىغا چىققان ۋەتەنپەرۋەر ئىرادىلىك زاتلارنىڭ ئالدىنقىلار يىقىلسا كېيىنكىلەر ئىز بېسىپ دۆلەتنى

بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن قەيسەرلىك بىلەن كۈ-
رەش قىلىشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بولغان. غەزەپ-
نەپرەت بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىش، ئېلىشىش گى-
رەلىشىپ، ئۇگۇشسىزلىق بىلەن قەد كۆتۈرۈش ھەم-
دەم بولۇپ، تىللاردا داستان بولغان، تارىخ سەھىپە-
سىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئالغان.

ئۇزاققا سوزۇلغان قايتۇرۇۋېلىش مۇساپىسىنى
ئەسلىگەندە، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئور-
نىدىن دەس تۇرغان جۇڭگو خەلقىنىڭ قانداق قىلىپ
ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى تۇپتىن ئۆزگەرتكەنلىكىنى ئۇن-
تۇماسلىقىمىز لازىم. ۋەتىنىمىز كۈندىن ـ كۈنگە
گۈللىنىپ روناق تاپتى، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئورۇنغا
ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئىگە بولدى. ئىسلاھات، ئې-
چىۋېتىشتىن بۇيان پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيە-
سى، ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بىز
جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت داغدام
يولدا ماڭدۇق. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچ-
لىرى ئىنتايىن زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. ئۇنىۋېرسال
دۆلەت كۈچى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى. خەلقنىڭ تۇر-
مۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى. دۆلىتىمىزنىڭ خەلق-
ئارادىكى ئورنى كۈندىن ـ كۈنگە ئۆسۈپ، ئاۋمېننى
ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىشكە پۇختا ئاساس
يارىتىلدى. جۇڭگو بىلەن پورتۇگالىيە 1987 ـ يىل 4 ـ
ئاينىڭ 13 ـ كۈنى دوستانە سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ «ئاۋمېن
مەسىلىسى توغرىسىدا قوشما بايانات»ئېلان قىلدى.
ئاۋمېننى ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇش ئېخىمۇ جەزىم-
لەشتى. جۇڭگو ـ پورتۇگالىيە ھۆكۈمەتلىرى ئاۋمېن-
نىڭ سىلىق ئۆتۈشى، ھاكىمىيەتنى ئۇگۇشلۇق ئۆت-
كۈزۈپ بېرىش ـ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن دوستانە كې-
ڭەشتى، ئاكتىپ ھەمكارلاشتى. پۈتۈن مەملىكەت
خەلقى جۈملىدىن ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار بۇ ئۇلۇغ
كۈننىڭ يېتىپ كېلىشى ئۈچۈن بىر نىيەتتە. تەڭ
كۈچ چىقىرىپ، ئىنتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، بىر
قاتار مۇشكۈل، جاپالىق تەييارلىق خىزمەتلىرىنى مۇ-
ۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىدى. ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا
قايتىشى نەچچە ئەۋلاد جۇڭخۇا پەرزەنتلىرىنىڭ
قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى،
جۇڭگو ـ پورتۇگالىيە ھۆكۈمەتلىرى ئورتاق تىرىشقان-
لىقىنىڭ نەتىجىسى.

پارتىيىمىزنىڭ ئۈچ ئەۋلاد رەھبەرلىرى ۋە سان --
ساناقسىز ئىنقىلابىي قۇربانلار، ئىرادىلىك زاتلار
ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش، جۈملىدىن ئاۋمېننى
قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن غايەت زور تۆھپە قوشتى. بۈ-
گۈن مەملىكەت بويىچە ھەممەيلەن ئاۋمېننىڭ ۋە-
تەن قوينىغا قايتقانلىقىنى تەبرىكلەۋاتقان پەيتتە،
ھەممىمىز يولداش ماۋزېدۇڭ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ
قاتارلىق پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارنى بەكمۇ سېغىن-
ماقتىمىز. يېڭى تارىخىي دەۋردە، يولداش دېڭ شى-
ياۋپىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچى-
ۋېتىشتەك ئۇلۇغ تاكتىكىنى قوللىنىپ، گۈللەنگەن
سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىش-
لىرىغا يول ئېچىپلا قالماستىن، بەلكى «بىر دۆلەت،
ئىككى خىل تۈزۈم»دىن ئىبارەت ئۇلۇغ تەسەۋۋۇرنى
ئوتتۇرىغا قويۇپ، شياڭگاڭ ـ ئاۋمېننى ۋەتەن قوينىغا
قايتۇرۇپ كېلىشتەك نەچچەيۈز يىللىق ئارزۇنى ئە-
مەلگە ئاشۇرۇشقا يول ئاچتى. خەلقئارا جەمئىيەتتى-
كى مۇرەككەپ، تارىختىن قېپقالغان مەسىلىلەرنى
ھەل قىلىش ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۈلگە تىك-
لەپ بەردى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ دانالىقى،
ئالدىن كۆرەرلىكى، ئۇلۇغۋار جاسارىتى ۋە ئۆچمەس
تۆھپىسى تارىخ سەھىپىسىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئال-
دۇ.

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىلگىرىكى نامراتلىق،
ئاجىزلىق، بوزەك بولۇش، خارلىنىش تارىخى ۋە بۈ-
گۈنكىدەك ئىنتىپاقلاشقان، مۇقىم بولغان، گۈللەپ
ياشنىغان تارىخى شۇنى كۆرسەتتىكى، جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلمىغان ۋە
پۈتۈن جۇڭگو خەلقى كۈرەش قىلمىغان بولسا يېڭى
جۇڭگو قۇرۇلمىغان بولاتتى، مىللەتنىڭ مۇستە-
قىللىقى ۋە ئازادلىقىمۇ بولمايتتى. ئىسلاھات، ئې-
چىۋېتىش ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىش-
لىرىنىڭ غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتتى بولمىغان بولسا
ۋەتىنىمىزنىڭ گۈللىنىشى، قۇدرەت تېپىشى ۋە
مىللىتىمىزنىڭ ئومۇميۈزلۈك روناق تېپىشىمۇ بول-
مايتتى. ئاۋمېنمۇ ئۇگۇشلۇق ھالدا ۋەتەن قوينىغا
قايتمىغان بولاتتى. بىز تارىخ ۋە رېئاللىقتىن ئىگە

بولغان بۇ مۇھىم يەكۈننى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك.

ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىشى يېپيېڭى بىر سەھىپە ئاچتى. «بىر دۆلەت، ئىككى خىل تۈزۈم»، «ئاۋمېننى ئاۋمېنلىقلار ئىدارە قىلىش»، يۇقىرى دەرىجىدە ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاۋمېننىڭ ئۇزاققىچە مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىنى ساقلاشتا يەنە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدا ئەڭ ئاساسلىقى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ نېگىزلىك قانۇنى»نى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئاۋمېننىڭ نېگىزلىك قانۇنى ـ ئاۋمېننىڭ ئۇزاققىچە مۇقىم راۋاجلىنىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى، ئۇ ھەم ئاۋمېننىڭ ئاساسىي قانۇن خاراكتېرىدىكى قانۇنى، ھەم مەملىكەت خاراكتېرىدىكى قانۇن. مەركەزدىن يەرلىككىچە، كادىرلاردىن ئاممىغىچە، ئىچكىرىدىكى جايلاردىن ئاۋمېنغىچە ھەممە جاي، ھەممە كىشى ئۇنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى، ئۇنىڭغا قاتتىق رىئايە قىلىشى، ئۇنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئاۋمېننىڭ ئىشلىرىنى بىرلىكتە ياخشى بېجىرىشى كېرەك. بىز شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىمىزكى، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونلۇق ھۆكۈمەت تارىخىي مەسئۇلىيەتنى چوقۇم زىممىسىگە ئېلىپ، نېگىزلىك قانۇننىڭ تەلىپى بويىچە ئاۋمېننى ياخشى ئىدارە قىلىپ، ياخشى گۈللەندۈرۈپ، ياخشى راۋاجلاندۇرۇپ كېتەلەيدۇ. كۈندىن ـ كۈنگە قۇدرەت تېپىۋاتقان ۋەتىنىمىز ئاۋمېنغا خۇددى شياڭگاڭغا مەدەت ۋە ياردەم بەرگەنگە ئوخشاش كۈچلۈك مەدەت ۋە ياردەم بېرىدۇ. مەيلى قانداق قىيىنچىلىق ۋە خېرىسقا دۇچ كېلىشتىن قەتئىينەزەر، ئاۋمېنغا ئەڭ كۈچلۈك ئارقا تىرەك بولىدۇ.

شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىشى ۋە ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتقانلىقى شۇنى كۈچلۈك ئىسپاتلىدىكى، دۆلىتىمىز كۈندىن ـ كۈنگە قۇدرەت تېپىۋاتىدۇ، ئىشلىرىمىز گۈللەپ ياشناۋاتىدۇ، مىللىتىمىز غايەت زور ئۇيۇشۇش كۈچىگە ۋە ئىتتىپاقلىش كۈچىگە ئىگە بولۇۋاتىدۇ. بولار شۇنى كۈچلۈك ئىسپاتلىدىكى، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ـ مىللىتىمىزنى ئۇلۇغ گۈللىنىشكە ئېلىپ بېرىشنىڭ مەزمۇت ئاساسى، «بىر دۆلەت، ئىككى خىل تۈزۈم» ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتەك بۈيۈك ئىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ بىردىنبىر توغرا فاڭجېنى. ھازىر خەلقىمىز يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بىر قاتار فاڭجېن، سىياسەتلەرنى ۋە مۇھىم تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىسلاھاتنى قەتئىي تەۋرەنمەي چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇقىملىقنى ساقلاپ، مىللىتىمىزنى يەنىمۇ روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن جاپالىق كۆرەش قىلماقتا. يېڭى ئەسىردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىدا جەزمەن مىسلىسىز شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كېلىدۇ. بۇنداق بولۇشى شۈبھىسىز. سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ گۈللەپ ياشنىشى، تەرەققىياتى جەزمەن ئاۋمېننىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ زور ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. ئاۋمېننىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتى جەزمەن دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. بۇنداق بولۇشتىمۇ قىلچە شەك يوق. تارىخ ئېقىمىنى توسۇۋالغىلى بولمايدۇ، «بىر دۆلەت، ئىككى خىل تۈزۈم» فاڭجېنى بويىچە تەيۋەن مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ تولۇق بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشمۇ ئوخشاشلا شۈبھىسىزدۇر.

بىز يېقىندىلا يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلىگەندىن كېيىن، يەنە ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتقانلىقىنى خۇشال ـ خۇرام كۈتۈۋالدۇق، بۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەسىر ئالمىشىشقا قىلغان بىباھا ئېسىل سوۋغىتى، بۇ يېڭى 1000 يىل ۋە يېڭى ئەسىردە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تېخىمۇ گۈللەپ ياشنىشى، مىسلىسىز روناق تېپىشىدىن بېرىلگەن بىشارەت.

# ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «سىياسىي ـ ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكرى (قىسقارتىلمىسى)

سىياسىي ـ ئىدىيىۋى خىزمەتكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش پارتىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە سىياسىي ئۈستۈنلۈكى، پارتىيىنىڭ بۇ سىياسىي ئۈستۈنلۈكىنى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا، يېڭى تارىخىي شارائىتقا زىچ بىرلەشتۈرۈپ تولۇق جارى قىلدۇرۇش مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ۋە ئۇزاق كەلگۈسى ئەھمىيەتكە ئىگە.

پارتىيە 13 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنى بولۇپمۇ 14 ـ قۇرۇلتايدىن بۇيان پارتىيىمىز بىر قاتار مۇھىم تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، سىياسىي ـ ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۈچەيتتى ۋە ياخشىلىدى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىدىكىلەرنى قوراللاندۇرۇش، كادىرلار ۋە خەلقنى تەربىيىلەشتە چىڭ تۇردى، توغرا جامائەت پىكرىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزم، سوتسىيالىزم ۋە جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك يارىتىش روھى تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى؛ ئامما خاراكتېرلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان زور بىر تۈركۈم ئىلغار تىپلارنى مەركەزلىك تەشۋىق قىلىپ، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى تىرىشىپ بېيىتتى؛ پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى، سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمەتتە روشەن ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. بۇ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىدى.

مەملىكىتىمىز ئىسلاھاتنىڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش باسقۇچى ۋە تەرەققىياتنىڭ ئاچقۇچلۇق پەيتىدە تۇرۇۋاتىدۇ. جەمئىيەت ئەھۋالىدا مۇرەككەپ ۋە چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولدى. ئىقتىسادىي تەركىب ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتنىڭ كۆپ خىللىشىشى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش شەكلىنىڭ كۆپ خىللىشىشى، ئىجتىمائىي تەشكىلىي شەكلىنىڭ كۆپ خىللىشىشى، ئىش ئورنى ۋە ياشقا ئورۇنلىشىش شەكلىنىڭ كۆپ خىللىشىشى كۈنسېرى روشەنلىشىپ، سىياسىي ـ ئىدىيىۋى خىزمەتكە نۇرغۇن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ئېلىپ كەلدى. پارتىيىدىكى يولداشلار كاللىسىنى سەگەك تۇتۇپ، سىياسىي سەزگۈرلۈكىنى ئاشۇرۇپ، سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش مەسىلىسىنى پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئورنىنى مۇستەھكەملەش، پارتىيىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، چىڭ تۇتۇپ، ئەتراپلىق ھەل قىلىشى كېرەك.

سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمەتتە توغرا فاڭجېن، پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش كېرەك: 1) ماركسىزم لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە ئاساسىي فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. كىشىلەرنى ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش، توغرا جامائەت پىكرى بىلەن يېتەكلەش، ئالىيجاناب روھ بىلەن تەربىيىلەش، نادىر ئەسەرلەر بىلەن ئىلھاملاندۇرۇش، شۇنداقلا غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان پۇقرالارنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. غايە، ئەقىدە بىلەن تەربىيىلەشنى يادرولۇق مەزمۇن قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە ئاممىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرىدىغان ئورتاق غايە، توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەپ، باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىي سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشقا يېتەكلەش كېرەك؛ 2) ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، پارتىيە ۋە مەملىكەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيىتى ئۈچۈن مۇلازىملىق قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق پارتىيىمىز، دۆلىتىمىزنىڭ خىزمەت ئومۇمىيىتى.

سىياسىي-ئىدىيىۋى خىزمەتنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مەركەزنى زىچ چۆرىدەپ، تۈرلۈك كەسپىي خىزمەتلەرگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچلۈك مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ۋە ئىدىيىۋى كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىش كېرەك؛ 3) ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، قاراتمىلىقى ۋە ئۈنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. مەۋقەنى ئىنتىپاقلاشقىلى بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىنتىپاقلىشىش، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى قوزغاش، پاسسىپ ئامىللارنى ئاكتىپ ئامىللارغا ئايلاندۇرۇشقا قارىتىپ، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىنى ياخشى يېتەكلەش، قوغداش ۋە جارى قىلدۇرۇش كېرەك. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىش، كادىرلار، ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىلغارلىق تەلىپى بىلەن كەڭ دائىرە تەلىپىنى بىرلەشتۈرۈش، قاتلاملارنى ئايرىش، مەقسەتلىك ئىش قىلىش، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك؛ 4) تەربىيىلەش بىلەن باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئالاقىدار قانۇن، قائىدە ۋە تۈزۈملەرنى چىڭ تۇتۇپ تۈزۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە بولغان باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىپ، بىز تەشەببۇس قىلغان ئىدىيە، ئەخلاق پرىنسىپلىرىنى ئىلمىي ھەم ئۈنۈملۈك ئىجتىمائىي باشقۇرۇشقا سىڭدۈرۈپ، ئىنتىزامچان بولۇش بىلەن باشقىلارنىڭ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشىنى تەلەپ قىلىش، ئىچكى چەكلەش بىلەن تاشقى چەكلەشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈش كېرەك؛ 5) ئىدىيىۋى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بىلەن ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. پارتىيىنىڭ تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئىللىتىدىغان، كىشىلەرنىڭ رايىنى مۇقىملاشتۇرىدىغان خىزمەتلەرنى كۆپرەك ئىشلەش، ياخشى ئىشنى ئەمەلىي ئىشلەش، ئەمەلىي ئىشنى ياخشى ئىشلەش، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مېھىر-شەپقىتىنى ئاممىغا يەتكۈزۈش كېرەك؛ 6) پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە پۈتكۈل جەمئىيەتكە تايىنىپ ئورتاق ئىشلەشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. پارتىيىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاپ، مەسئۇلىيەت ئېنىق بولغان، تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرىدىغان، پۈتۈن جەمئىيەتنى قاپلىغان خىزمەت مېخانىزمى ھاسىل قىلىش كېرەك. سىياسىي-ئىدىيىۋى تەربىيىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتە چوڭقۇر، پۇختا ئىشلەش كېرەك: 1) دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىدىكىلەرنى قوراللاندۇرۇش، كادىرلار ۋە خەلقنى تەربىيىلەشنى سىياسىي-ئىدىيىۋى خىزمەتنىڭ باش ۋەزىپىسى قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە ئاساسىي پروگراممىسى تەربىيىسىنى كەڭ دائىرىدە ئېلىپ بېرىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپىزم، سوتسىيالىزم ۋە جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك يارىتىش روھى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئىسلاھات، قۇرۇلۇشتىكى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت مەسىلىلىرىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، خىزمەتنىڭ قاراتمىلىقى ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، كادىرلار ۋە ئاممىنى پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي لۇشيەنىنى تېخىمۇ ئاڭلىق ئىزچىللاشتۇرىدىغان ۋە ئىجرا قىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش لازىم؛ 2) ماركسىزملىق ماتېرىيالىزم ۋە ئاتېئىزم تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئىلىم-پەن روھىنى كۈچەپ تەشەببۇس قىلىش، پەن-تېخنىكا بىلىملىرى، ئاممىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك تەبىئىي پەنلەر، داۋالاش-سەھىيە، ئىلمىي ساغلاملىق، ياشاش، قېرىش، كېسەل بولۇش، ئۆلۈش قاتارلىق جەھەتلەردىكى بىلىملەرنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك؛ 3) ۋەزىيەت سىياسىتى، دېموكراتىك قانۇنچىلىق ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، كادىرلار ۋە ئاممىغا زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئىنتىپاقلاشقان مۇقىم ئىجتىمائىي مۇھىت بولۇش زۆرۈرلۈكىنى، تىنچ، ئىنتىپاق بولغان ناھايىتى ياخشى ۋەزىيەتنى ئاڭلىق قوغداش كېرەكلىكىنى تولۇق تونۇتۇش لازىم؛ 4) خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى يادرو قىلغان، كوللېكتىپىزملىقنى پرىنسىپ قىلغان سوتسىيالىستىك ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئاممىنى ئەخلاق ئۆلچىمىگە رىئايە قىلىپ، ئەخلاق ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ ياخشى پۇقراسى، ئىدارىنىڭ ياخشى ئىشچى-خىزمەتچىسى، ئائىلىنىڭ ياخشى ئەزاسى بولۇشقا يېتەكلەش كېرەك. دۆلەت مەنپەئىتىنى ئەلا بىلىش، خەلق مەنپەئىتىنى ئەلا بىلىشنى ئاكتىپ تەشەببۇس قىلىپ، خەلق ۋە جەمئى-

يەت ئۈچۈن كۆپرەك ياخشى ئىش قىلىش روھىنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىش كېرەك.

پارتىيىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى داۋامىدا، مول سىياسىي ـ ئىدىيىۋى خىزمەت تەجرىبىلىرىنى توپلىدى. بۇ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقىمىز. يېڭى ۋەزىيەتتە زىچ بىرلەشتۈرۈپ ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش شارائىتىدا، سىياسىي ـ ئىدىيىۋى خىزمەتنىڭ مۇھىتى، ۋەزىپىسى، مەزمۇنى، يولى ۋە ئوبيېكتىدا غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى. ئىدىيىنى ئازاد قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەپ، ئاساسىي قاتلامغا، ئاممىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىنى تەكشۈرۈپ ئىگىلەپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى سىياسىي ـ ئىدىيىۋى خىزمەتنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، پائال تۈردە يېڭى يول ئېچىپ، يېڭى ئۇسۇل ئۈستىدە ئىزلىنىپ، يېڭى تەجرىبىلەرنى بەرپا قىلىشىمىز لازىم. ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنىڭ سىياسىي ـ ئىدىيىۋى خىزمەتتىكى مۇھىم رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تەشۋىقات تەربىيىسىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى، تەسىر كۈچى ۋە قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئىجتىمائىي توغرا كەيپىياتنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇش لازىم. ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى سىياسىي ـ ئىدىيىۋى خىزمەتنىڭ مۇھىم ۋاسىتىسى قىلىش لازىم. «مەدەنىي بولۇش، يېڭى كەيپىيات يارىتىش»نى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيىتى ئاممىغا ئىدىيىۋى تەربىيە بېرىش، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى، پارتىيىنىڭ ئاممىۋى خىزمەتنى كۈچەيتىشتىكى يېڭى ئۇسۇلى. تۈرلۈك بەرپا قىلىش پائالىيەتلىرىدە مۇۋقەنى ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاقىنى ۋە پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە قويۇپ، ئاممىنى بۇ پائالىيەتكە قاتنىشىش جەريانىدا تەربىيىگە ئىگە قىلىش، يۈكسەلدۈرۈش لازىم. مەدەنىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تەربىيىلىك ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، مەھەللە مەدەنىيىتى، كەنت، بازار مەدەنىيىتى، كارخانا مەدەنىيىتى، مەكتەپ مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، مول، ھەر خىل، ساغلام، پايدىلىق بولغان ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەدەنىي تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش لازىم. مەدەنىيەت يۇرتى، كۇتۇپخانا، مۇزېي، پەن ـ تېخنىكا سارىيى، تەنتەربىيە سارىيى ۋە تۈرلۈك ئاممىۋى پائالىيەت مەركەزلىرى جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ، ئامما ئۈچۈن مۇلازىملىق قىلىپ، سىياسىي ـ ئىدىيىۋى تەربىيىدىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى لازىم. ئىلغار تىپلار ئارقىلىق ئاممىغا تەسىر كۆرسىتىش ۋە ئاممىنى يېتەكلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، جەمئىيەتتە ئىلغارلىققا ئىنتىلىدىغان، ئىلغارلاردىن ئۆگىنىدىغان، ئىلغار بولۇشقا تىرىشىدىغان ياخشى كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش لازىم.

سىياسىي ـ ئىدىيىۋى خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئاساسىي قاتلاملارغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. كارخانا، يېزا، مەكتەپ، پەن ـ تەتقىقات ئورۇنلىرى، مەھەللىلەر ۋە باشقا ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرى ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، سىياسىي ـ ئىدىيىۋى خىزمەت ۋەزىپىسىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىشى لازىم. كارخانىلاردىكى سىياسىي ـ ئىدىيىۋى خىزمەتنى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش لازىم. كارخانا مەدەنىيىتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك كارخانا روھىنى يېتىلدۈرۈپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى خوجايىنلىق رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكلەش لازىم. يېزىلاردىكى سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمەتنى، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇپ چىقىشقا بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەش لازىم. يېزىلارنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە يېزا سىياسىتى تەربىيىسى، سوتسىيالىستىك كوللېكتىۋىزملىق روھى تەربىيىسى، ناچار ئۆرپ ـ ئادەتنى ئۆزگەرتىش تەربىيىسى، دېموكراتىك قانۇنچىلىق تەربىيىسى، پەن ـ مەدەنىيەت تەربىيىسىنى نۇقتىلىق قانات يايدۇرۇش لازىم. يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، رادىئو ـ تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلىنىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، مەدەنىيەت، پەن ـ تېخنىكا، سەھىيىنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش پائالىيىتىنى ياخشى ئويۇشتۇرۇش لازىم. مەكتەپلەردىكى سىياسىي ـ ئىدىيىۋى خىزمەتنى، سوتسىيالىزم ئىشلىرى قۇرغۇچىلىرىنى ۋە ئىز باسارلارنى تەربىيىلەشنى

تۇپ ۋەزىپە قىلىشنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك، ھەر تۈرلۈك مەكتەپلەر پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشى لازىم. ئىدىيىۋى ئەخلاق دەرسى ۋە سىياسىي نەزەرىيە دەرسى ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى تولۇقلاپ ۋە ياخشىلاپ، مەكتەپ تەربىيىسى بىلەن ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ، ساپا مائارىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. مەھەللىلەرنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ساپاسىنى ۋە شەھەرنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى چۆرىدىگەن ھالدا، مەھەللىلەرنىڭ سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمىتى يولى ۋە ئۇسۇلىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش ۋە بۇ جەھەتتە پائال ئىزدىنىش لازىم. سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمەت بىلەن مەھەللە قۇرۇلۇشى، مەھەللە باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنى مەدەنىي ئائىلە، مەدەنىي بىنا، مەدەنىي كىچىك رايون بەرپا قىلىشنىڭ ھالقىلىرىغا سىڭدۈرۈپ، ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان، باراۋەر، دوستانە بولغان يېڭىچە كىشىلىك مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرۈش لازىم، ياشانغانلار، بولۇپمۇ پېنسىيىگە (دەم ئېلىشقا)چىققان خادىملارنىڭ ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى- خىزمەتچىلەر ۋە شەھەرگە كېلىپ ئىشلەۋاتقان خادىملارنىڭ سىياسىي- ئىدىيىۋى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيىسى ۋە تۇرمۇشىغا تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش لازىم. شەھەرلەردىكى ئالاقىدار تارماقلار ۋە ئىشچى ئىشلەتكەن ئورۇنلار شەھەرگە كېلىپ ئىشلەۋاتقان خادىملارنىڭ ئىدىيە ئەھۋالىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، ئۇلارنى باشقۇرۇش ۋە ئۇلارغا تەربىيە بېرىش مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئۈستىگە ئېلىشى لازىم. ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى يېتەكلەش ۋە باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ، باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش لازىم.

پارتىيىنىڭ سىياسىي- ئىدىيىۋى خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم (پارتگورۇپپىلىرى)لار تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، بۇ خىزمەتنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، دائىم تەتقىق قىلىپ، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى سىياسىي، ئومۇمىيەت، مەسئۇلىيەت ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەتنى باشلامچىلىق بىلەن ياخشى ئىشلىشى لازىم. سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلىگۈچىلەرگە غەمخورلۇق قىلىپ ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى ساپاسى ۋە كەسپىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىپ، گەۋدىلىك نەتىجە ياراتقانلارنى تەقدىرلەش ۋە مۇكاپاتلاش لازىم. پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇش لازىم. پارتىيە ئەزالىرى، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار ئۆگىنىشكە، سىياسىيغا، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىپ، سوتسىيالىستىك، كوممۇنىستىك غايە ئېتىقادىنى قەتئىيلەشتۈرۈپ، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئىنتىزامىغا قاتتىق رىئايە قىلىپ، پارتىيە ۋە ئاممىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىپ، ئاممىنىڭ قىلىشنى تەلەپ قىلغان ئىشلارنى ئۆزى ئالدى بىلەن قىلىپ، ئاممىدىن قىلماسلىقنى تەلەپ قىلغاننى ئۆزلىرى قەتئىي قىلماي، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئاممىغا ئۈلگە بولۇشى لازىم. پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى تەخىرسىز ۋەزىپە سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇش لازىم. تۈرلۈك ئىقتىسادىي تەشكىلات ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتنىڭ كۈنسېرى كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، زور تۈركۈمدىكى ئەمگەك كۈچى كەسىپلەر ئارا ۋە رايونلار ئارا يۆتكىلىۋاتقان يېڭى ئەھۋالدا، پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتىنى قۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيە ئەزالىرىغا بولغان تەربىيە ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش لازىم. پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، چوڭقۇر، ئىنچىكە سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، ئاممىنى تۈرلۈك ناتوغرا ئىستىللارغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىللىشىشى، ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

# جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەپ 2000 ـ يىللىق ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش كېرەك

بۇ يىللىق ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشتە دۆلەتنىڭ ئاكتىپ مالىيە سىياسىتىنى داۋاملىق يولغا قويغانلىقتەك پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك؛ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىسلاھاتتىن پايدىلىنىپ ئومۇمىيەتنى بىر تۇتاش ئىگىلەش كېرەك؛ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى زور كۈچ بىلەن تەڭشەپ، يېڭى كەسىپلەرنى ۋە ئىلغار تېخنىكىلىق كەسىپلەرنى پائال راۋاجلاندۇرۇش كېرەك؛ شىنجاڭنى پەن ـ مائارىپقا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى ۋە سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى تېز يولغا قويۇش كېرەك؛ خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، تۈرلۈك چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، شەھەرلەردىكى كىرىمى تۆۋەن ئائىلىلەرنىڭ ئەمەلىي كىرىمىنى تەدرىجىي ئۆستۈرۈش، ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالى 1998 ـ يىلدىكىدىن ياخشى بولدى، لېكىن ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى، سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ قوشۇلما قىممىتى، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى، مۇقىم مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ قاتارلىق ئاساسىي كۆرسەتكۈچلەرنى يىل بېشىدا ئالدىن مۆلچەرلىگەن نىشان بىلەن سېلىشتۇرغاندا تېخى مەلۇم پەرق بار. 2000 ـ يىللىق ئىقتىسادىي خىزمەتلەردە بازارنى باشلامچى قىلىپ، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ ۋە ياخشىلاپ، يېزا ئىقتىسادىنى ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇش كېرەك؛ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سانائەت ئىقتىسادىنىڭ پۇختا قەدەمدە ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك؛ مۇقىم مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ سىجىل ئېشىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ تاشقى سودا ۋە چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەش كېرەك؛ مالىيە، پۇل مۇئامىلە خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلەش كېرەك؛ ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي ياخشى قىلىش كېرەك؛ شىنجاڭنى پەن ـ مائارىپقا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى ۋە سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنى تېزلىتىپ، ئىجتىمائىي ئىشلارنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەش كېرەك.

يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە ياخشىلاشتا ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئالاھىدە يېزا ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. ئاشلىق تېرىش كۆلىمىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ ۋە ئازايتىپ، ئۆز يېرىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، قارا ئاشلىق تېرىش كۆلىمىنى ئاشۇرۇش، ئەلا سۈپەتلىك بۇغداي، ئەلا سۈپەتلىك ياغلىق دان، ياخشى سورتلۇق كۆممىقوناق ۋە ئەلا سۈپەتلىك شال قاتارلىقلارنى نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. كېۋەزدە مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ئەلا سۈپەتلىك ئاۋار پاختا بازىسى قۇرۇش ۋە ئېكسپورت ئاۋار پاختا بازىسى قۇرۇش نىشانىدا چىڭ تۇرۇپ، بازار ئەھۋالىغا قاراپ تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى چەكلەش ۋە تەڭشەش كېرەك. قىزىلچا تېرىلغۇ كۆلىمىنى داۋاملىق ئازايتىش كېرەك. ئاشلىق، پاختا، شېكەر ماتېرىياللىرى قاتارلىق زىرائەتلەرنى تەڭشەپ ئازايتىشتىن قېپقالغان تېرىلغۇ يەرلەرگە بازار ئېھتىياجى بويىچە پەمىدۇر، زاراڭزا ۋە ياخشى سورتلۇق مېۋە كۆچەتلىرى، جۇڭگىي دورا ئۆسۈملۈكلىرى، سورتلۇق ئالاھىدە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى تېرىپ راۋاجلاندۇرۇش كېرەك.

مەبلەغ سېلىش قۇرۇلمىسىنى داۋاملىق ياخشىلاپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇ ئىنشائاتلىرى، قاتناش، خەۋەرلىشىش، شەھەر ئۇل مۇئەسسەسەلىرى، شەھەر ـ يېزا ئېلېكتر تورلىرى، ئاشلىق، پاختا ئامبارلىرى ۋە ئەرزان، ئىشلىتىشكە باب كېلىدىغان ئۆي قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسە تۈرلىرىنى كۈچەيتىش، كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنىدىغان مەبلىغىنى كۆپەيتىش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى تۈزەش، پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ ۋە ساياھەت سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇپ، دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىشنى قولغا كەلتۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا خەلق ئاممىسىنى مەبلەغ سېلىشقا پائال يېتەكلەش ۋە قوزغاش كېرەك.

چوڭ ئىقتىسادىي سودا ئىستراتېگىيىسىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، ئېكسپورت تاۋارلىرى قۇرۇلمىسىنى پائال تەڭشەپ، تېخىمۇ ئاكتىپ چېگرا سودا سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقىش، مەھسۇلاتلىرىنىڭ رىقابەت ئىقتىدارى بولغان ئەۋزەللىككە ئىگە كارخانىلارنىڭ ئېكسپورتنى تىرىشىپ كېڭەيتىشىگە ۋە ئۇلارنىڭ خەلقئارا بازار ئېچىشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىش كېرەك. چەت ئەل مەبلىغى بىلەن تىجارەت قىلىش ساھەلىرىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش يوللىرىنى يەنىمۇ ئېچىپ، مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى ياخشىلاپ، چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋەزىپىسى ئىنتايىن ئېغىر، ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ـ ئىشلىيەلمەسلىكنىڭ ئاچقۇچى تۈرلۈك سىياسەتلەر ۋە خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى جايى ـ جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە باغلىق، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر چوقۇم ئۆز جايىنىڭ، ئۆز ساھەسىنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، كونكرېت خىزمەت لايىھەسىنى ۋە كاپالەتلىك قىلىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىستىلنى ھەقىقىي ياخشىلاپ، كۈچلۈك كەسىپچانلىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن باش چۆكۈرۈپ قاتتىق ئىشلىشى، 2000 ـ يىللىق خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلىشى كېرەك.

(رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدىن ئېلىندى)

# توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم

جايلار، تارماقلاردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ 1 ـ باشلىقلىرى پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مەسئۇلىيەت مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىپ، مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشى كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى. خەلق ئاممىسى تېخى رازى بولمىغان تەرەپلەر بولسىمۇ، لېكىن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەر ۋە ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش ئورگانلىرى خىزمەتلەرنى ياخشى، كۆپ ئىشلىمىگەن بولسا، ھازىرقى ياخشى ۋەزىيەت بولمىغان بولاتتى. مۇشكۈل ۋەزىپىلەر ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى تەلىپى ئالدىدا، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە قىلچىمۇ بوشاشماسلىقىمىز لازىم، بۇ خىزمەتنى پەقەت كۈچەيتىشكە ۋە ئۇنىڭ سالمىقىنى زورايتىشقىلا بولىدۇ. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ «پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى بويىچە مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» نى ئېلان قىلغىنىغا بىر يىل بولدى. ئاپتونوم رايونىمۇ يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، جايلار، تارماقلاردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ 1 ـ باشلىقلىرى پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى بويىچە مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان بىرىنچى مەسئۇل خادىم. ئۇلار مەسئۇلىيەتنى چوقۇم ياخشى ئادا قىلىپ، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ياخشى تۇتۇشى كېرەك.

پارتىيە ھۆكۈمەتنىڭ 1 ـ باشلىقلىرى پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنىڭ پارتىيىنىڭ ھايات ـ ماماتى ۋە دۆلەتنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ياكى مۇنقەرز بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك زور ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىپ، پارتىيە، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ غېمىنى يەپ، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىپ، بۇرچ تۇيغۇسى ۋە ئاگاھلىقىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.

پارتىيە ئىچىدىكى ياخشىچاقلىق كەيپىياتنى يېڭىپ، توغرا كەيپىياتنى ئەۋج ئالدۇرۇش لازىم. ھازىر بەزى جايلاردا ناتوغرا كەيپىياتلارنى تەنقىد قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان، چىرىكلەشكەنلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشتا رەھىمدىللىك قىلىدىغانلىقنى ناھايىتى «ئادەمگەرچىلىك» قىلدىم، دەپ قارايدىغان غەيرىي ئەھۋاللار ساقلانماقتا، بۇ، ئەمەلىيەتتە يامان ئادەملەرگە «ئادەمگەرچىلىك» قىلىپ، خەلق ئالدىدا ئېغىر «جىنايەت» ئۆتكۈزگەنلىك، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ 1 ـ قول باشلىقلىرى توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، باشلامچىلىق بىلەن توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىپ، مۇھەببەت ـ نەپرەتنى ئېنىق بولۇپ، ھەق ـ ناھەقنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مۇكاپاتلاش ـ جازالاشنى ئېنىق ئايرىشى كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندىلا بەنزىنى ياخشى يېتەكلەپ، توغرا كەيپىياتنى بارلىققا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە ئۇنى يولغا قويۇپ، باشقۇرۇش دائىرىسىدىكى پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى تۇتمىغان ياكى ياخشى تۇتمىغان رەھبىرىي كادىرلارنى جازالاپ، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى بويىچە مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان بېسىم ھاسىل قىلىش كېرەك.

2000 ـ يىلىدىكى پارتىيە ئىستىلى، پاكلىك قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: 1 . سىياسىي ئىنتىزام دېلولىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، سىياسىي ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان، ھەتتا سىياسىي جەھەتتە چىرىكلەشكەنلەر، كادىرلار قوشۇنى ئىچىدىكى دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزگەن، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغانلار ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، يۇمشاق قوللۇق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ؛ 2. ئەدلىيە ۋە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلاردا ساقلانغان قانۇننى ئىجرا قىلىشتا ئادىل بولماسلىق ئەھۋاللىرىغا ئاساسەن، خاتا دېلولارنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ئۇۋال قىلىنغان دېلو، خاتا دېلولاردىن ئەڭ زور دەرىجىدە ساقلىنىلىدۇ؛ 3. كادىرلار خىزمەت ئىستىلى جەھەتتە ساقلانغان مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، قانۇن ـ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان، ئامىمنىڭ مەنپەئىتىگە دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزگەن تىپىك دېلولار چوقۇم ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

(يولداش ۋاڭ لېچۈەننىڭ پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى بويىچە بىرىنچى مەسئۇل خادىملار سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدىن ئېلىندى.)

# دۆلىتىمىزنىڭ «خاسىيەتلىك كېمە» سى ئالەم بوشلۇقىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقتى



دۆلىتىمىز قويۇپ بەرگەن تۇنجى سىناق ئۇچار كېمە بوشلۇقتىكى ئۇچۇش سىنىقىنى تاماملىغاندىن كېيىن، 1999 ـ يىل 21 ـ نويابىر ئەتىگەن سائەت 3 تىن 41 مىنۇت ئۆتكەندە ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ ئوتتۇرا قىسىم رايونىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك يەرگە قوندى.

دۆلىتىمىزنىڭ ئالەم قاتنىشى تارىخىدىكى يەنە بىر نامايەندە بولغان سىناق ئۇچار كېمىسىنىڭ قويۇپ بېرىلىشى ۋە قايتۇرۇپ كېلىنىشى دۆلىتىمىزنىڭ ئادەم ئولتۇرىدىغان ئالەم قاتنىشى تېخنىكىسىدا يېڭى زور بۆسۈش بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت تېلېگراما ئەۋەتىپ تەبرىكلىدى.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن «خاسىيەتلىك كېمە» دەپ ئىسىم قويۇپ بەرگەن بۇ ئۇچار كېمە، 1999 ـ يىل 20 ـ نويابىر ئەتىگەن سائەت 6 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە جيۇچۈەندىكى سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىش مەركىزىدىن يېڭى تىپتىكى «ئۇزۇن سەپەر» توشۇغۇچى راكېتا ئارقىلىق ھاۋا بوشلۇقىغا قويۇپ بېرىلگەن. قويۇپ بېرىلىپ تەخمىنەن 10 مىنۇتتىن كېيىن ئۇچار كېمە راكېتادىن ئايرىلىپ ئالدىن بەلگىلەنگەن ئوربىتىغا كىردى.

بۇ قېتىم قويۇپ بېرىلگەن سىناق ئۇچار كېمىسى ۋە توشۇغۇچى راكېتالارنى دۆلىتىمىز ئۆزى تەتقىق قىلىپ ياسىغان. بۇ قېتىمقى قويۇپ بېرىشتە تېخنىكا ژاۋۇتىدا تۇنجى قېتىم ئۇچار كېمە بىلەن راكېتانى بىرلەشتۈرۈپ قۇراشتۇرۇش ۋە سىناق قىلىش بىر پۈتۈن گەۋدە ھالىتىدە قويۇپ بېرىش مەيدانىغا توشۇپ ئاپىرىلىپ، يىراقتىن كونترول قىلىش يېڭى ئۇسۇلى قوللىنىلدى.

دۆلىتىمىز ئەسلىدە بار بولغان ئالەم قاتنىشىنى ئۆلچەش، كونترول قىلىش تورى ئاساسىدا يېڭى ياسالغان، خەلقئارالىق ئۆلچەم تۈزۈلمىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان قۇرۇقلۇق، دېڭىز بازىلىرىدىكى ئالەم قاتنىشىنى ئۆلچەش، كونترول قىلىش تورىمۇ بۇ قېتىمقى تۇنجى قېتىملىق قويۇپ بېرىش سىنىقىدا تۇنجى قېتىم ئىشلىتىلدى. بۇ كېمە ئوربىتىدا ئايلىنىش مەزگىلىدە يەر يۈزىدىكى ئۆلچەش، كونترول قىلىش سىستېمىسى ۋە «يىراقتا نەزەر» ماركىلىق 4 دانە ئۆلچەش پاراخوتى ئۇچار كېمىنى ئىز قوغلاپ، ئۆلچەپ، كونترول قىلدى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بىر قاتار ئىلمىي تەجرىبىلەرنى ئېلىپ باردى.

بۇ قېتىمقى قويۇپ بېرىش سىنىقىنى تەشكىللىگەن ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى مۇنداق دېدى: دۆلىتىمىزنىڭ ئادەم توشۇيدىغان ئالەم قاتنىشى قۇرۇلۇشى 1992 ـ يىلى باشلانغانىدى. بۇ قۇرۇلۇش

### ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ

# دۆلىتىمىزنىڭ ئادەم توشۇيدىغان ئالەم قاتنىشى قۇرۇلۇشىدىكى تۇنجى قېتىملىق سىناق ئۇچۇشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى تەبرىكلەش تېلېگراممىسى

قورال - ئۈسكۈنىلەر باش بۆلۈمى، دۆلەت مۇداپىئە پەن - تېخنىكا سانائىتى كومىتېتى ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ ئادەم توشۇيدىغان ئالەم قاتنىشى قۇرۇلۇشىنىڭ تەتقىق قىلىپ ياساش، قۇرۇلۇش قىلىش ۋە سىناق قىلىشقا قاتناشقان بارلىق يولداشلارغا:

دۆلىتىمىزنىڭ ئادەم توشۇيدىغان ئالەم قاتنىشى قۇرۇلۇشىدىكى تۇنجى قېتىملىق ئۇچۇش سىنىقىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى خۇشاللىق ئىچىدە ئاڭلىدۇق. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت تەتقىق قىلىپ ياساش، قۇرۇلۇش قىلىش ۋە سىناق قىلىشقا قاتناشقان بارلىق پەن - تېخنىكا خادىملىرى، كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر، قىسىملاردىكى كوماندىر - جەڭچىلەرنى ئالاھىدە قىزغىن تەبرىكلەيدۇ ۋە ئۇلاردىن سەمىمىي ھال سورايدۇ.

بۇ قېتىمقى ئۇچۇش سىنىقىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى سىلەرنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسى ۋە يولداش جياڭ زېمىننىڭ بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۇلۇغ «ئىككى بومبا، بىر سۈنئىي ھەمراھ» روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىلمىي ئىزدىنىپ، جاسارەتلىك كۆرەش قىلىپ، جاسارەت بىلەن ئىشلەپ، دادىل يېڭىلىق ياراتقانلىقلارنىڭ نەتىجىسى. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئالەم قاتنىشى ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ بىر يېڭى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ ھەم دۆلىتىمىزنىڭ يۇقىرى پەن - تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىلھاملاندۇرۇشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

سىلەرنىڭ يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، نەتىجىلەرنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، يەنىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ئادەم توشۇيدىغان ئالەم قاتنىشى قۇرۇلۇشى ئەتىقاتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئالەم قاتنىشى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشۈڭلارنى، دۆلىتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى، دۆلەت مۇداپىئەسى ئەمەلىي كۈچىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى

گوۋۇيۈەن

مەركىزىي ھەربىي كومىتېت

1999 - يىل 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى

زور سىستېما قۇرۇلۇشى بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى سائەلەر ھەمكارلىقىنىڭ جەۋھىرى. ئۇچۇش سىنىقىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى دۆلىتىمىزنىڭ ئادەم توشۇيدىغان ئالەم قاتنىشى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاساس سالدى.

ئىگىلىنىشچە، بۇ قېتىمقى يېڭى تىپتىكى توشۇغۇچى راكېتا ۋە سىناق ئۇچار كېمىسىنى جۇڭگو ئالەم قاتنىشى تېخنىكا گۇرۇھىغا قاراشلىق توشۇغۇچى راكېتا تېخنىكىسى تەتقىقات يۇرتى، بوشلۇق تېخنىكىسى تەتقىقات يۇرتى ۋە شاڭخەي ئالەم قاتنىشى تېخنىكىسى تەتقىقات يۇرتى تەتقىق قىلىپ ياسىغان. بېيجىڭ ئالەم قاتنىشى قوماندانلىق كونترول قىلىش مەركىزى قويۇپ بېرىش سىنىقىنىڭ ئىز قوغلاش، ئۆلچەش ۋە كونترول قىلىش ئىشىنى تەشكىللىدى. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى، ئۈچ،ۆر كەسپىي مىنىستىرلىكى قاتارلىق تارماقلارنىڭ ئالاقىدار ئورۇنلىرى قۇرۇلۇشنى تەتقىق قىلىپ ياساش، سىناق قىلىش خىزمەتلىرىگە قاتناشتى. بۇ قېتىمقى قويۇپ بېرىش «ئۇزۇن سەپەر» توشۇغۇچى راكېتىنىڭ 59 - قېتىم ئۇچۇشى، شۇنداقلا يېقىنقى ئۈچ يىل ئىچىدە ئۇدا 17 قېتىم مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇچۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئادەم توشۇيدىغان ئالەم قاتنىشى تېخنىكىسى ئالەم قاتنىشى ساھەسىدىكى ئەڭ قىيىن تېخنىكا بولۇپ، بۇنىڭدىن ئىلگىرى دۇنيا بويىچە ئامېرىكا بىلەن روسىيىلا بۇ تېخنىكىنى ئىگىلىگەنىدى.

**جىددىي تۈزىتىش**

ژۇرنىلىمىزنىڭ 1999 - يىللىق 12 - سان 5 - بېتىدىكى «ئاۋمېننىڭ ئەتىسى تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ» دېگەن ماقالىنىڭ 1 - قۇرىدىكى «1992 - يىل»نى «1999 - يىل» دەپ ئوقۇشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

**ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى**

**مۇھەررىردىن**

1999 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى بىلەن ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇشى توغرىسىدا ئىككى تەرەپلىك كېلىشىم ئىمزالىدى. بۇ كېلىشىمنىڭ ئىمزالىنىشى جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇش قەدىمىنى تېزلىتىش، جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق.

بۇ سەھىپىدە دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى، جۇڭگولۇقلارنىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىنكى كۈنلىرى شۇنداقلا دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىش يۇقىرىلارنى قانداق نەپكە ئېرىشتۈرىدۇ ۋە نېمىلەرگە پايدىلىق قاتارلىق بىر يۈرۈش ماقالىلەرنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇندۇق.

WTO نىڭ بۇ بەلگىسى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان بىر خانىم لايىھىلىگەن. دۇنيا سودا تەشكىلاتى 1997 ـ يىل 10 ـ ئايدىن باشلاپ بۇ بەلگىنى ئىشلەتكەن.

## دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

1994 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ماراكەشنىڭ ماراكەش شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن تاموژنا باش كېلىشىمى ئۇرۇگۋاي ئۈچرىشىشى مىنىستىرلار يىغىنى يەر شارى خاراكتېرلىك دۇنيا سودا تەشكىلاتىنى قۇرۇپ، ئۇنى 1947 ـ يىلى قۇرۇلغان تاموژنا باش كېلىشىمى (ATT) نىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنى قارار قىلدى.

دۇنيا سودا تشكىلاتى ب د ت دىن مۇستەقىل تۇرىدىغان مەڭگۈلۈك خەلقئارا تەشكىلات. بۇ تەشكىلاتنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى ۋە مەقسىتى بازارنى ئېچىۋېتىش، باراۋەر بولۇش ۋە ئادىل سودىلىشىش قاتارلىق پرىنسىپلار ئارقىلىق دۇنيا سودىسىنى ئەركىنلەشتۈرۈش نىشانىغا يېتىش. بۇ تەشكىلات 1995 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئىشقا كىرىشتى. دۇنيا ئىقتىسادىي ۋە سودا تەرتىپىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بۇ تەشكىلاتنىڭ باش ئورگىنى جەنۋە كۆلىنىڭ بويىدىكى تاموژنا باش كېلىشىمى باش ئورگىنى بىناسىغا جايلاشقان، 1996 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، ئۇ تاموژنا باش كېلىشىمى ۋاقىتلىق ئورگىنىنىڭ ئورنىنى ئالدى.

تاموژنا باش كېلىشىمى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ باشقۇرىدىغان دائىرىسى ئەنئەنىۋى مال سودىسى ۋە ئۇرۇگۋاي ئۈچرىشىشى بەلگىلىگەن مال سودىسىدىن سىرت، يەنە تاموژنا باش كېلىشىمىنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزۈلمىگەن ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى، سېلىنما تەدبىرى ۋە مال سودىسىدىن باشقا سودا (مۇلازىمەت سودىسى) قاتارلىق ساھەلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دۇنيا سودا تەكشىلاتى قانۇنىي ئىگىلىك ئورنىغا ئىگە. ئۇ ئەزالار ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشنى كېلىشتۈرۈش جەھەتتە تېخىمۇ يۇقىرى نوپۇزغا ئىگە.

## WTO جۇڭگوغا نېمىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ

دۇنيا سودا تەشكىلاتى 1995 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى رەسمىي قۇرۇلغان. WTO نىڭ پرىنسىپى ۋە بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، دۆلىتىمىز WTO ئائىلىسىنىڭ ئەزاسى بولغاندىن كېيىن، مۇناسىپ ھوقۇق ـ مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولىدۇ ھەمدە مۇناسىپ مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

ئاساسلىق ھوقۇق ـ مەنپەئىتى: 1. دۆلىتىمىزنىڭ مەھسۇلاتلىرى شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەت ۋە رايونلاردا كۆپ تەرەپلىمىلىك، شەرتسىز ۋە مۇقىم بولغان ئەڭ مەنپەئەتدار دۆلەت مۇئامىلىسىدىن بەھرىمەن بولىدۇ؛ 2. دۆلىتىمىز تەرەققىي تاپقان بارلىق دۆلەتلەرگە تەييار مەھسۇلات ۋە يېرىم تەييار مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىشتا ئادەتتىكى ئېتىبار بېرىش مۇئامىلىسىدىن ھەمدە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە بېرىلگەن ئالاھىدە ئېتىباردىن بەھرىمەن بولىدۇ؛ 3. تاموژنا باش كېلىشىمى ۋە دۇنيا سودا تەشكىلاتى ئالاھىدە تەسىس قىلغان ئورگان ۋە تەرتىپتىن پايدىلىنىپ سودا تالاش ـ تارتىشىنى ياخشى ھەل قىلالايدۇ؛ 4. كۆپ تەرەپلىك سودا تەشكىلاتىدا پىكىر بېرىش ھوقۇقىغا ئېرىشىدۇ.

لېكىن، دۆلىتىمىز يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھوقۇق ـ مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە مۇناسىپ مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ، ئاساسلىقى مۇنۇلار: (1) ئىمپورت تاموژنا بېجىنى چۈشۈرىدۇ، ھازىر تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ۋەزنىلىك ئوتتۇرىچە ئىمپورت تاموژنا بېجى 3.7 %، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ 11 %،

دۆلىتىمىزنىڭ تاموژنا بېجى بۇنىڭدىن خېلىلا يۇقىرى؛ (2) تاموژنىدىن باشقا توساقلار تەدرىجىي ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ، مەسىلەن: نورما بەلگىلەش، ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئىجازەتنامىسى قاتارلىقلار؛ (3) ئېكسپورت ياردەم پۇلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ؛ (4) سودا سىياسىتى تېخىمۇ ئاشكارا بولىدۇ؛ (5) مۇلازىمەت سودىسى قويۇۋېتىلىدۇ؛ (6) ئەقلىي مۈلۈك هوقۇقىنى قوغداش دائىرىسى كېڭەيتىلىدۇ؛ (7) چەت ئەل مەبلىغىنى كىرگۈزۈشكە بولغان چەكلىمە قويۇۋېتىلىدۇ.

## پۇقرالار قانداق نەپكە ئېرىشەلەيدۇ

ھەرقايسى تەرەپلەر ئاشكارىلىغان ئۇچۇرغا ئاساسلانغاندا، پۇقرالار تۆۋەندىكى بىر نەچچە جەھەتتە ئەمەلىي نەپكە ئېرىشەلەيدىكەن:

1. تاموژنا بېجىنىڭ چۈشۈشىگە ئەگىشىپ، چەت ئەل تاۋارلىرىنىڭ دۆلىتىمىز بازارلىرىدىكى باھاسى زور دەرىجىدە چۈشىدىكەن، ھەتتا ھازىرقى ئەتكەس ماللاردىنمۇ ئەرزان بولىدىكەن. مۇشۇنداق بولغاندا ئەتكەسچىلىك ھەرىكەتلىرىگە كۈچلۈك زەربە بەرگىلى بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئىلغار، تېخىمۇ ئەپلىك چەت ئەل ماللىرىدىن بەھرىمەن بولغىلى بولىدىكەن.

2. پۇقرالار خەلق پۇلىنى ئەركىن ھالدا چەت ئەل مەبلىغى بانكىلىرىغا ئامانەت قويالايدىكەن، تاشقى پېرېۋوتقا ئەركىن ئايرىۋاشلىيالايدىكەن، چەت ئەل سۇغۇرتا شىركەتلىرىنىڭ سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىپ، تاشقى پېرېۋوت سۇغۇرتا ھەققىگە ئېرىشەلەيدىكەن. چەت ئەل مەبلىغى بىلەن قۇرۇلغان دوختۇرخانىلارغا بېرىپ كېسەل كۆرسىتەلەيدىكەن ھەمدە تېخىمۇ ياخشى داۋالىنىش مۇلازىمىتىگە ئېرىشەلەيدىكەن.

3. دۆلىتىمىزنىڭ چەت ئەل مەدەنىيەت تاۋارلىرىنى كۆپلەپ كىرگۈزۈشكە ئەگىشىپ، ئادەتتىكى ئاممىمۇ تېخىمۇ كۆپ دۇنيا مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدىكەن، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ، سەنئەتتىن بەھرە ئېلىش سەۋىيىسى ئۆسىدىكەن.

4. چەت ئەلنىڭ دۆلىتىمىزگە كىرىدىغان يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى كۆپىيىدىكەن، پۇقرالار بەزى ئەلا سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى مەسىلەن: بۇغداي، كالا گۆشى، ئاپېلسىن قاتارلىقلارنى ئېتىبار باھادا سېتىۋالالايدىكەن.

5. تېلېگراف مۇلازىمىتى، ئاپتوموبىل قاتارلىق ئىستېمال تۈرلىرىنىڭ باھاسى زور دەرىجىدە چۈشىدىكەن، خەلق ئاممىسى ئىلگىرى كۆزى يەتسىمۇ قولى يەتمەيدىغان ماددىي بۇيۇملارغا ئېرىشەلەيدىكەن.

## دۆلىتىمىزنىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇشى ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە پايدىلىق

چوڭ قۇرۇقلۇق بىلەن تەيۋەن ئوتتۇرىسىدىكى بىۋاستە «ئۈچ ئالاقە (سودا، ئاۋىئاتسىيە، پوچتا) تېخىچە يولغا قويۇلمىدى، ۋاسىتىلىك سودا ئىككى قىرغاق سودا مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە ئاساسلىق شەكلى بولۇپ كەلدى. بۇنىڭدىن سىرت، تەيۋەن دائىرىلىرى يەنە چوڭ قۇرۇقلۇقتىن تەيۋەنگە كىرگۈزۈلىدىغان مەھسۇلاتلارغا تۈرلۈك چەكلەش تەدبىرلىرىنى قوللاندى. بۇ دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ تەلىپىگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن ئەمەس. دۆلىتىمىز دۇنيا سودا تەشكىلاتىدىكى ئەزالىق ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن تەيۋەن دۆلىتىمىزنىڭ ئالاھىدە تاموژنا بېجى رايونى نامىدا قاتنىشىدۇ. بۇنداق بولغاندا، ئىككى قىرغاقنىڭ سودا ئالاقىسى تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. ھەر خىل توسالغۇلار يوقىلىدۇ. بۇ رايون ئىقتىسادىي ھەمكارلىق گەۋدىسى دۆلىتىمىز دائىرىسىدە سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تۈزۈمى ئوخشاش بولمىغان گەۋدىلەر ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى يولغا قويۇپ، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلغان ھالدا ئىقتىسادىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. گەرچە ئۇ پەقەت بىر خىل ئىقتىسادىي بىرلىشىش بولسىمۇ، لېكىن مۇھىم سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە، ئۇنىڭ شەكىللىنىشى شۈبھىسىزكى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

## دۆلىتىمىزنىڭ WTOغا ئەزا بولۇشتىكى ئىككى ئاساسىي تەرتىپ

دۆلىتىمىز WTO غا ئەزا بولۇشتا مۇنداق ئىككى ئاساسىي تەرتىپتىن ئۆتۈشى كېرەك: بىرىنچىدىن، سۆھبەتلىشىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان بارلىق دۆلەتلەر بىلەن بازارغا كىرىش توغرىسىدا ئىككى تەرەپلىك سۆھبەتلىشىشى كېرەك. (133 ئەزا دۆلەتنىڭ 35 ى دۆلىتىمىز بىلەن ئىككى تەرەپلىك سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى)؛ ئىككىنچىدىن، كۆپ تەرەپلىمىلىك سۆھبەتلىشىشى كېرەك.

تەرتىپى: WTOنىڭ جۇڭگو مەسىلىسى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ سودا تۈزۈمى توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان بارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، خىزمەت گۇرۇپپىسى «قاتنىشىش مۇددىئانامىسى» ۋە خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ دوكلاتىنى تەييارلاپ، ھەرقايسى ئەزا دۆلەتلەرنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنىدۇ، ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى قوشۇلسا، ئەزا بولالايدۇ.

قائىدە بويىچە دۆلىتىمىز دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇشتا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىككى يۈرۈش «چىگىش» تەرتىپنى باشتىن كەچۈرىدۇ. لېكىن، مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئالىملار بىردەك «دۆلىتىمىزنىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇشىدا ئامېرىكا بىلەن جۇڭگونىڭ ئىككى تەرەپلىك سۆھبىتىدە ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ» دېيىشتى.

WTO، خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى، دۇنيا بانكىسى بۈگۈنكى كۈندە ئۈچ پۈتلۈق خەلقئارا ئىقتىسادىي ئورگاننى شەكىللەندۈرگەن. ئەگەر WTOجۇڭگونى ئەزالىققا قوبۇل قىلمىسا، ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىنى ئويلىشىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ.

## جۇڭگو بىلەن GATT/ WTO ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ ئىشلار

(1980 ـ يىلدىن 1999 ـ يىلىغىچە)

جۇڭگو 1980 ـ يىل 8 ـ ئايدا خەلقئارا سودا تەشكىلاتى (ITO) نىڭ ئۆتكۈنچى كومىتېتىغا قاتناشتى ھەمدە ياس دونكېل ئەپەندىنىڭ GATTنىڭ باش كاتىپلىقىغا سايلىنىشىغا بېلەت تاشلىدى.

1986 ـ يىل 7 ـ ئايدا، جۇڭگو تاموژنا باش كېلىشىمى تۈزگۈچى دۆلەتلىك ئورنىنى رەسمىي ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

1987 ـ يىل 3 ـ ئايدا تاموژنا سودا باش كېلىشىمىنىڭ جۇڭگو مەسىلىسى گۇرۇپپىسى رەسمىي قۇرۇلدى.

1994 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ماراكەشتە ئاياغلاشقان يىغىندا، جۇڭگو باشقا 122 قۇرغۇچى دۆلەت بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇگۋاي ئۈچرىشىشى كۆپ تەرەپلىك سودا سۆھبىتى نەتىجىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھۆججىتىگە ئىمزا قويدى. جۇڭگو دۇنيا سودا تەكشىلاتىنى قۇرۇش مەسىلىسىدە WTOنى قۇرغۇچى دۆلەت بولۇپ قېلىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

1994 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 10 ـ كۈنىگىچە، GATT نىڭ باش كاتىپى قوشۇمچە WTO تەييارلىق كومىتېتىنىڭ رەئىسى پېتىر ساسلاند ئەپەندى جۇڭگودا زىيارەتتە بولۇپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە جۇڭگونىڭ WTO/ GATTغا ئەزا بولۇشىغا دائىر ئەھۋاللارنى ئۇقتۇردى.

1995 ـ يىل 11 ـ ئايدا، جۇڭگونىڭ تاموژنا سودا باش كېلىشىمى تۈزگۈچى دۆلەتلىك ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش سۆھبىتىWTO غا ئەزا بولۇش سۆھبىتىگە ئۆزگەردى.

1997 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ۋاشىنگتوندا بىرلەشمە باياناتى ئېلان قىلدى. جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا باياناتتا مۇنداق دېدى: جۇڭگونىڭ كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىگە ئومۇميۈزلۈك قاتنىشىشى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ نىشانغا يېتىش ۋە جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بالدۇرراق كىرىشى ئۈچۈن ھەر ئىككى تەرەپ بازارغا كىرىش، جۈملىدىن تاموژنا بېجى ۋە غەيرىي تاموژنا بېجى تەدبىرى، مۇلازىمەت كەسپى، ئۆلچەم، يېزا ئىگىلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر ۋە دۇنيا سودا تەكشىلاتىنىڭ پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىش توغرىسىدىكى سۆھبەتنى تېزلىتىشكە قوشۇلدى.

1999 ـ يىل 4 ـ ئايدا، جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ۋاشىنگتوندا ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەكشىلاتىغا كىرىش توغرىسىدىكى سۆھبەتتە، بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلدى.

1999 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا جۇڭگونىڭ WTOغا كىرىشى توغرىسىدا بىرلەشمە باياناتى ئېلان قىلدى.

## 5 چوڭ كەسىپ قىيىن شارائىتتا قانداق يول ئېچىشى كېرەك

دۆلىتىمىز 1986 ـ يىل 7 ـ ئايدا دۆلىتىمىزنىڭ تاموژنا بېجى ۋە سودا باش كېلىشىمى تۈزگۈچى دۆلەتلىك ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە 13 يىل ئۆتتى. 1999 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا دۆلىتىمىزنىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇش مەسىلىسىدە ئاخىر كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا رەسمىي ئەزا بولۇشى ئۈچۈن يول ئاچتى.

دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولغاندىن كېيىنكى ئىقتىسادىي ئۆزگىرىشكە قانداق ناقابىل تۇرۇش دۆلىتىمىزنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى بىۋاسىتە دۇچ كېلىدىغان مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى.

**ئۆي ـزېمىن كەسپى**

دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولغان ھەمدە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تەڭشىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىنكى بىر نەچچە ئاي ئىچىدە سېلىنىدىغان

مەبلەغنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ ئالدى بىلەن تۇرالغۇدىن باشقا، ئۆي - زېمىنغا بولغان ئېھتىياج ئاشىدۇ، ئارقىدىنلا تۇرالغۇغا بولغان ئېھتىياجمۇ ئاشىدۇ. يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان كۈچلۈك رىقابەت ئالدىدا ھەرقايسى ئۆي - زېمىن كارخانىلىرى مۇناسىپ ھەرىكەت لايىھەسىنى تېزلىكتە تۈزۈپ چىقىپ ھەممە يولغا قويۇپ، قۇرۇلۇشنىڭ تەننەرخى زىيادە يۇقىرى بولۇش، شۇنىڭدەك قىممىتىنى ئاشۇرۇش يوشۇرۇن كۈچى بولماسلىق ياكى بازاردىن قېلىش ئەھۋاللىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تېز تۈگىتىشى كېرەك.

## ئالاقە كەسپى

ھازىر دۆلىتىمىزنىڭ ئالاقە ئەسلىھەلىرى كەسپىدە ساقلىنىۋاتقان ئاساسلىق مەسىلە مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنىڭ بىر خىللىقى، بارلىق ئالاقە كارخانىلىرىنىڭ ئاساسلىق مەھسۇلاتى پروگراممىلىق كوممۇتاتور، قالغان مەھسۇلاتلار تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ ياكى ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى ھاسىل قىلالمىغان.

يۇقىرى قەرزلىك تىجارەتنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئالاقە كارخانىلىرىغا بولغان بېسىمىمۇ ناھايىتى زور؛ ئۇنىڭدىن قالسا مەھسۇلات ماركىسى زىيادە كۆپ، بۇ ئاقىۋەتتە يەرلىك قورۇقچىلىق ۋە نامۇۋاپىق رىقابەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. نارقاق تىجارەت، تەكرار قۇرۇلۇشلار دۆلەتنىڭ چەكلىك مەبلىغىنى ئىسراپ قىلىپلا قالماي، كارخانىلارنىڭ بازار رىقابىتىگە قاتنىشىشىغىمۇ پايدىسىز.

## توقۇمىچىلىق كەسپى

ھازىر دۆلىتىمىزنىڭ توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئاساسلىقى ياپونىيە، ئامېرىكا، ياۋروپا ئىتتىپاقى، شياڭگاڭدىن ئىبارەت تۆت چوڭ بازارغا مەركەزلىك ئېكسپورت قىلىنىۋاتىدۇ. دۆلىتىمىز دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولغاندىن كېيىن ياۋروپا، ئامېرىكىدىكى توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى بازىرىدا بىر قەدەر زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىشى مۇمكىن. دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇشنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى ئېكسپورت بازىرىنى كېڭەيتىش، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ھەمدە كىيىم - كېچەك كەسپىنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈشكە زور دەرىجىدە پايدىسى بار.

## ئاپتوموبىل كەسپى

ناشقى سودا، تېخنىكا، باھا نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دۆلىتىمىزنىڭ ئاپتوموبىل سانائىتىدە رىقابەتكە پايدىسىز نۇرغۇن ئامىللار مەۋجۇت. تاشقى سودىدىن ئېلىپ ئېيتساق، دۆلىتىمىزنىڭ ئاپتوموبىل سودىسىدا ئەتۈر پەرق خېلى زور. تېخنىكا نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دۆلىتىمىزنىڭ پىكاپ ساناتىنىڭ تەرەققىيات ئىقتىدارى خېلى ئارقىدا. بۇ ئامىللارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، دۆلىتىمىزنىڭ باشلانغۇچ مەزگىلدە تۇرۇۋاتقان ئاپتوموبىل سانائىتىنى يەنىلا قوغداشقا توغرا كېلىدۇ. قوغداشنىڭ ئاساسلىق تەدبىرى يەنىلا ئاپتوموبىل ئىمپورت قىلىشتا تاموژنا بېجىنى كۆپ ئېلىشتىن ئىبارەت.

## پۇل مۇئامىلە كەسپى

ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، دۆلىتىمىزنىڭ بانكا سىستېمىسى مۇنداق 4 قىسىمدىن تەركىب تاپقان: (1) دۆلەت سودا بانكىسى؛ (2) باشقا سودا بانكىلىرى؛ (3) شەھەر سودا بانكىسى؛ (4) مەركىزىي بانكا. يۇقىرىدىكى 4 بانكا ئىچىدە، باشقا سودا بانكىلىرىنىڭ تارىخىي يوقى ياكى بولسىمۇ بىر قەدەر ئاز؛ شۇنىڭ بىلەن بىز WTOغا قاتنىشىشنىڭ بانكىلارغا بولغان تەسىرىنى تەكشۈرگەندە، مۇھىمى ئۇنىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى مۇستەقىل مەبلەغلىك سودا بانكىلىرىغا بولغان تەسىرىنى ئويلىشىمىز لازىم. چۈنكى، سودا - سانائەت بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى، جۇڭگو بانكىسى، قۇرۇلۇش بانكىسىدىن ئىبارەت دۆلەت ئىلكىدىكى 4 چوڭ مۇستەقىل مەبلەغلىك سودا بانكىسى پۇل ئامانەت ۋە كرېدىت مەبلىغى ئومۇمىي مىقدارىدا مۇتلەق زور نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ.

# دۆلىتىمىز دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولغاندىن كېيىن مىللىي سانائەت قانداق بولىدۇ؟

جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولغاندىن كېيىن سودىدا مەڭگۈ ئېتىبار بېرىلىدىغان ئورۇندىن بەھرىمەن بولىدۇ، قىسقا مەزگىل ئىچىدە ئەمەلىي كۈچى زەئىپ بولغان كارخانىلار بىلەن بايلىق تۈرىدىكى كارخانىلار خېلى كۆپ پايدا ئالىدۇ. چۈنكى بۇ كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر ئىشلەپ چىقارمىغان ياكى ئاز ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلار بولۇپ، باھاسى بىر قەدەر ئەرزان بولغانلىقى ئۈچۈن بازار ئېھتىياجى بىر قەدەر ئۇزۇن مەزگىل ئىچىدە ئۆزگەرمەيدۇ. شۇڭا WTO غا ئەزا بولغاندىن كېيىن بۇ كارخانىلار تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ.

دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولغاندىن كېيىن، دۆلىتىمىزدە ھەر يىلى 10 مىليون كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ئىچكى جەھەتتىن ئېيتقاندا، 1. دۆلەت كارخانىلىرى ئۆتكەندە كىشىنى ھەممىدىن بەك ئەنسىرىتىدىغان ئاساسلىق بىر تەرەپ ئىدى. WTO غا ئەزا بولۇپ بازار ئېچىۋېتىلگەن ھامان مۇقەررەر ھالدا مۇئەييەن دەرىجىدە زەربىگە ئۇچرايدۇ. دۆلەت كارخانىلىرىغا نىسبەتەن باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مىللىي سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىغا خەۋپ يېتەمدۇ - يوق؟ بۇ جاۋاب بېرىش قىيىن بولغان بىر مەسىلە. لېكىن بۇ مەسىلىنىڭ جاۋابى يېقىنقى بىر - ئىككى يىلدا ئېنىق نەتىجىگە ئېرىشتى. نۇرغۇن دۆلەت كارخانىلىرى ئۇزۇن مەزگىل زىيان تارتقانلىقتىن ئوبيېكتىپ جەھەتتە خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىگە كۆرسىتىدىغان رولى ئاجىزلاپ كەتتى. شۇ سەۋەبتىن دۆلەت كارخانىلىرىنى ئۆز بازىرىدىن ئەنسىرەيدۇ دېگەندىن كۆرە، مەبلەغكە ھەممىدىن موھتاج دېگەن تۈزۈك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قىسمەن خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ مۆلچەرلەپ ھېسابلىشىغا قارىغاندا، دۆلىتىمىزWTO غا ئەزا بولغاندىن كېيىن، ھەر يىلى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى (GDP) تەخمىنەن ئۈچ پوئىنت ئاشىدىكەن، بۇ 300 نەچچە مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا توغرا كېلىدىكەن. GDPھەر بىر پوئىنت ئاشسا 4 مىليون كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى كۆپىيىپ، تەخمىنەن 10 مىليون كىشىنىڭ ئىش ئورنى بارلىققا كېلىدىكەن.

2. ئاسىيا پۇل مۇئامىلە كرىزىسى سەۋەبىدىن دۆلىتىمىز بۇنىڭدىن كېيىن چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىشتا تەدرىجىي قىيىنچىلىق مەزگىلىگە قەدەم قويىدۇ، يېڭىچە جەلپ قىلىش كۈچى كۆرۈلمىسە، چەت ئەل مەبلىغىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئازلاپ كېتىش ۋەزىيىتى پەيدا بولىدۇ. بۇ يىل 1 - پەسىلدە چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ سالغان ئەمەلىي مەبلىغى 7 مىليارد 340 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، 14.6 % تۆۋەنلىدى. ئەمما WTO غا ئەزا بولۇش ئىقتىسادىي مۇھىتنى ماھىيەت خاراكتېرلىك زور ياخشىلىنىش بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

# ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش قۇرۇلۇشىنى ئىسلاھات روھى بويىچە ئىلگىرى سۈرۈش لازىم

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى

جۇيۈەن

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى 1999-يىل ۋە 2000-يىلقى ئاپتونوم رايونىمىز يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، يېزىلارنىڭ مۇقىملىقىغا، يېزا ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش خىزمەت نىشانىغا يېتىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى چۆرىدەپ، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى ئىسلاھات روھى بويىچە ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش، يېزا ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشنى نىشان قىلىپ، يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى خىزمەت نىزامى»نى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېزا ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى لازىم.

1. «نىزام»نى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىشنى ياخشى تۇتۇپ، يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنى «نىزام»نىڭ روھىي ماھىيىتىنى توغرا ئۆزلەشتۈرۈش، «نىزام»نىڭ ئاساسىي پرىنسىپ ۋە تەلەپلىرىنى ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، «نىزام»نى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈپ، «نىزام»دا بەلگىلەنگەن تەلەپلەرنى يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى كونكرېت ھالقىلىرىغا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ياخشى ئۇل سېلىش لازىم.

2. مەسىلىلەرنى توغرا تېپىپ چىقىپ، كېسەلگە قاراپ دورا بېرىپ، ئەستايىدىل تەرتىپكە سېلىپ ئۆزگەرتىپ، مەركەز بەلگىلىگەن ياخشى بەنزە، ياخشى قوشۇن، ياخشى يول، ياخشى تۈزۈلمە، ياخشى تۈزۈمدىكى كەنت پارتىيە ياچېيكىلىرى قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت «5 تە ياخشى» نىشان ۋە ياخشى بەنزە، ياخشى قوشۇن، ياخشى يول، ياخشى تۈزۈم، ياخشى ئىستىل، ياخشى يېزا-بازارلىق پارتكوملار قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت «6 دە ياخشى» نىشان — يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش قۇرۇلۇش نىشانىنىڭ كونكرېتلاشتۇرۇلۇشى. «5 تە ياخشى»، «6 دە ياخشى» بولۇش نىشانىغا ئومۇميۈزلۈك يېتىشتە رەھبەرلىك بەنزىسىنى ياخشى قۇرۇپ چىقىش ھەممىدىن مۇھىم، ئىش باشقۇرىدىغان ئادەم بولۇش مەسىلىسىنى يەنىمۇ ھەل قىلىش، بولۇپمۇ ئىش باشقۇرىدىغان مۇنەۋۋەر ئادەملەرنىڭ بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش؛ تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىش باشقۇرۇش قائىدىسى بولۇش مەسىلىسىنى يەنىمۇ ھەل قىلىش؛ كوللېكتىپ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىش بېجىرىدىغان پۇل بولۇش مەسىلىسىنى يەنىمۇ ھەل قىلىش لازىم. بەزى جايلار ئىش مۇھاكىمە قىلىدىغان سورۇن بولۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان، بۇمۇ شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن، بۇ مەسىلىنى چىڭ تۇتۇپ ھەل قىلىش كېرەك.


3. يېزا-بازارلىق پارتكوم قۇرۇلۇشىنى كۈچەي-

تىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش كېرەك. يېزا-بازارلىق پارتكوم قۇرۇلۇشىدا مۇھىمى مۇنداق 3 ئىشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك: ئارقىدا قالغان يېزا-بازارلىق پارتكوملارنى يىغىپ تەربىيىلەپ تەرتىپكە سېلىش ئىشىنى ياخشى تۇتۇپ، غايە، ئېتىقاد، سىياسىي مەيدان، روھىي ھالەت ۋە ئىدىيىۋى ئىستىل قاتارلىق جەھەتلەردە ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەقىقىي ھەل قىلىش؛ يېزا -بازار رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى سەپلەپ كۈچەيتىش؛ يېڭى خىزمەت مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش: يېزا، بازار مەمۇرىي ئىشلىرى، پونكىتلار كەسپىي ۋە زاۋۇت، دوختۇرخانا، مەكتەپ ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇشنى يولغا قويۇش، ئۇنى كەنت ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇش بىلەن ماسلاشتۇرۇپ، ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيە سىياسىي قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

يېزا، كەنت كادىرلىرىنىڭ ساپا قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، يۇقىرى ساپالىق يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك. 1. تاللاپ ئۆستۈرۈپ ئىشقا قويۇش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئىقتىدارىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش كېرەك. جايلار ھەر خىل يوللار ئارقىلىق خىلمۇخىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، توسالغۇلارنى تۈگىتىپ، كادىرلار قوشۇنى تۈزۈلمىسىنى ياخشىلاپ، سىياسىي ساپاسى ياخشى، كەسپچانلىقى كۈچلۈك، ئاممىنى يېتەكلىيەلەيدىغان، ئامانلىققا كاپالەتلىك قىلالايدىغان، پۇقرالارنى بېيىشقا يېتەكلىيەلەيدىغان، ئامما ھىمايە قىلىدىغان پارتىيىلىك كادىرلارنى يېزا، كەنت پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ شۇجىسلىق ئورنىغا ئۆستۈرۈش كېرەك؛ 2. تەربىيىلەش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىش باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك. جايلار يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، تەربىيىلەشكە سەل قارايدىغان ھالەتنى ھەقىقىي ئۆزگەرتىپ، يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلىپ، ئۇلار ئاسان قوبۇل قىلىدىغان شەكىل ۋە ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، تەربىيىلەش خىزمىتىنى ھەقىقىي پۇختا، ياخشى تۇتۇشى كېرەك؛ 3. تەكشۈرۈش، رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئىشقا سېلىش كېرەك؛ 4. نازارەت قىلىش، چەكلەش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى قائىدىلىك باشقۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك؛ 5. يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا قاتتىق تەلەپ قويۇش، ئۇلارنى قاتتىق باشقۇرۇش، قاتتىق نازارەت قىلىشنى ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىش بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ، يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش قۇرۇلۇشىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش كېرەك. يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشى ئىدىيە قۇرۇلۇشى، سىياسىي قۇرۇلۇش، تەشكىلىي قۇرۇلۇش، تۈزۈم قۇرۇلۇشى، ئىستىل قۇرۇلۇشىغا ئوخشاش ھەرقايسى تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاچقۇچ — يېزا، كەنت 2 دەرىجىلىك بەنزىنىڭ جەڭگىۋارلىقى، ئۇيۇشۇشچانلىقىنى ئاشۇرۇش. مۇھىم نۇقتا — كادىرلار قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش. خىزمەت نىشانى — يېزىلارنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش، يېزا ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش. ھازىر چوڭ سىياسەت، فاڭجېن ۋە نىشان، تەلەپلەر بەلگىلىنىپ بولدى، ئاچقۇچلۇقى — قانداق قىلىپ دائىم بوشاشماي تۇتۇپ، بۇ نىشان، تەلەپ ۋە ۋەزىپىلەرنى ھەقىقىي ئەمەلىي خىزمەتلەردە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشتە. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە تەشكىلات تارماقلىرى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا خىزمەت پىلانى تۈزۈپ، بىرلەشتۈرۈش نۇقتىسىنى توغرا تېپىپ، مۇھىم نۇقتىنى چىڭ تۇتۇپ، بۆسۈش نۇقتىسىنى توغرا تاللاپ، 1999-يىل قىش ۋە 2000-يىللىق ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىسلاھات روھىي بويىچە يېڭى ئەھۋاللارنى ئىنچىكە تەتقىق قىلىپ، يېڭى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش قۇرۇلۇشىنى يېڭى دولقۇنغا كۆتۈرۈشى لازىم.

(ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆزدىن ئېلىندى)



# «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىغا دائىر بىر قانچە زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى»نى ئۆگىنىش ھەققىدە سوئال ـ جاۋابلار

**تەھرىر ئىلاۋىسى:** كەڭ پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ 15-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئالاقىدار تارماقلاردىكى يولداشلارنى تەكلىپ قىلىپ بۇ سوئال ـ جاۋابنى يازدۇردۇق. ئۆگىنىشتە پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۇنى ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلدۇق.

## 1. دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى يولغا قويۇشنىڭ زور ئەھمىيىتىنى قانداق تونۇش كېرەك؟

پارتىيە 15-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنىدا، دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى يولغا قويۇش زور ئىقتىسادىي مەسىلە بولۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى زور سىياسىي مەسىلە، دەپ قايتا تەكىتلەندى. بۇنداق تەكىتلەش ئىنتايىن زۆرۈر.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، پارتىيىمىز دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ئىسلاھاتنى قەتئىي تۈردە ئالغا سىلجىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىنى ساقلاپ قالدى. بۇ پۈتكۈل ئىسلاھاتنىڭ ئالغا سىلجىتىلىشىغا مەدەت بېرىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. پارتىيىمىز ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، پۈتكۈل ئىسلاھاتنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى نەزەردە تۇتۇپ، رەت بويىچە تەدرىجىي ئىلگىرىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئىسلاھاتنى پائال ۋە مۇقىم ھالدا ئالغا سىلجىتتى.

70-يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 80-يىللارنىڭ باشلىرىدا، مەركىزىي كومىتېت دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشتىكى ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىنى كېڭەيتىپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى پايدىدىن پىرسەنت قالدۇرۇشنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى؛

1984-يىلى، 12-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدا قارار ماقۇللىنىپ، كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش شەھەرلەردىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مەركىزىي ھالقىسى دەپ تەكىتلىنىپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنى مۇۋاپىق ئايرىۋېتىپ، دۆلەت كارخانىلىرىنى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرىدىغان، پايدا-زىيانغا ئۆزى ئىگە بولىدىغان، نىسبىي مۇستەقىل بولغان تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچى ۋە ئىگىلىك باشقۇرغۇچىغا ئايلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى قارار قىلدى؛

1987-يىلى، پارتىيىنىڭ 13-قۇرۇلتىيىدا «دۆلەت بازارنى تەڭشەش، تىزگىنلەش، بازار كارخانىنى يېتەكلەش» ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىدا ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى پەيدىنپەي يولغا قويۇلدى، ئىجارىگە بېرىش تۈزۈمى ۋە پاي ھەسسىدارلىق تۈزۈمى قاتارلىق كۆپ خىل ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكىللىرى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى؛

1992-يىلى، پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتنىڭ نىشانى بېكىتىلىپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىشنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇش، بازار سىستېمىسىنى يېتىلدۈرۈش قەدىمىنى تېزلىتىش، تەقسىمات تۈزۈمى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەتلەندۈرۈش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىش لازىم دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛

1993-يىلى، 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئو-

مۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان قاراردا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسىي رامكىسى ئىلگىرىلىگەن ھالدا سۈرەتلىنىپ، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ يۆنىلىشى «مۈلۈك ھوقۇقى ئايدىڭ، ھوقۇق ـ مەسئۇلىيىتى ئېنىق، ھۆكۈمەت بىلەن كارخانا ئايرىۋېتىلگەن، باشقۇرۇشى ئىلمىي» بولغان زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىشتىن ئىبارەت دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛

1997 ـ يىلى، پارتىيىنىڭ 15 ـ قۇرۇلتىيىدا، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىش ئىشىدا نەزەرىيە جەھەتتىن يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىنىپ، مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ مەزمۇنىنى ئەتراپلىق تونۇش، دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىكنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشىنى ئىستراتېگىيە جەھەتتىن تەڭشەش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرىدىغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكلىنى ئىزدىنىش لازىم دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. پارتىيىنىڭ 15 ـ قۇرۇلتىيىدا ۋە 15 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 1 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا ئېنىق تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىز دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى مەركىزىي ھالقا قىلىپ، پىلان، مالىيە، باج، پۇل مۇئامىلە، تاشقى سودا، تاشقى پېرېۋوت، مەبلەغ سېلىش، تەقسىمات تۈزۈمى ئىسلاھاتى، ئىجتىمائىي كاپالەتلەندۈرۈش ۋە بازار سىستېمىسى قۇرۇلۇشى شۇنىڭدەك ھۆكۈمەت ئاپپاراتى ئىسلاھاتى قاتارلىق جەھەتلەردە مۇناسىپ ھالدىكى يانداشما ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردۇق.

بىز ئېلىپ بارغان ئىسلاھات ھەم كونا تۈزۈلمىنىڭ نۇقسانلىرىنى تىرىشىپ چىقىرىپ تاشلاپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، ھەم ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا شۇنىڭدەك ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىسلاھات بولغاچقا، چوڭ ئىجتىمائىي داۋالغۇشنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلاندۇق. ئەمەلىيەت بۇ يولنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

دۆلىتىمىزدەك سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى يولغا قويغان، 1 مىليارد 200 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالىسى بولغان، تەرەققىي قىلىۋاتقان چوڭ دۆلەتتە ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاش ئۈچۈن، مۇستەقىل، بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان سانائەت سىستېمىسى ۋە خەلق ئىگىلىكى سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش شەرت. دۆلەت كارخانىلىرى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تايانچ كارخانىلار بولۇپ ئېلىمىز سانائىتى ۋە خەلق ئىگىلىكىنىڭ يادرولۇق كۈچى. تۈرلۈك چارە ـ تامىللار بىلەن دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى يولغا قويۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدا دۆلەت ئىگىلىكىنى ئىلگىرىلىگەن ھالدا راۋاجلاندۇرغان ۋە ئۇلغايتقاندىلا، ئېلىمىزنىڭ سانائەتلىشىش ۋە زامانىۋىلىشىش قەدىمىنى تېزلەتكىلى، ئېلىمىزنىڭ ئىگىلىكىنى كۈندىن ـ كۈنگە كەسكىنلىشىۋاتقان خەلقئارا رىقابەت ۋە بازار داۋالغۇشى داۋامىدا مۇقىم راۋاجلاندۇرغىلى، ئاندىن كېيىنكى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

**2. دۆلەت كارخانىلىرى دۇچ كەلگەن گەۋدىلىك قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟**

دۆلەت كارخانىلىرى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە قۇرۇلمىنى تەڭشەشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇزاقتىن بېرى توپلىنىپ قالغان بەزى چوڭقۇر قاتلاملىق زىددىيەتلەر مەركەزلىك ھالدا ئىپادىلىنىپ چىقماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەلقئارادىكى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى بازارلارنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ دۆلەت كارخانىلىرىغا يېڭى خىرىسلارنى ئېلىپ كەلمەكتە. ھازىر دۆلەت كارخانىلىرى دۇچ كېلىۋاتقان ئاساسلىق مەسىلىلەر: قىسمەن دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىشلىرى قىيىن بولۇۋاتىدۇ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كېتىۋاتىدۇ، تېخنىكا جەھەتتىن ئالغا ئىلگىرىلىشى ئاستا بولۇۋاتىدۇ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلما خاراكتېرلىك زىددىيەتلەر گەۋدىلىك بولۇۋاتىدۇ، ئارتۇق خادىملار كۆپ، قەرزى ۋە ئىجتىمائىي

يۈكى ئېغىر بولۇۋاتىدۇ، ئىش ئورنىدىن قالغان خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتى ۋە ئىجتىمائىي ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بېسىمى ناھايىتى زور بولۇۋاتىدۇ، قىسمەن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشى بىر قەدەر قىيىن ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ. دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ 3 يىللىق نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ داۋاملىق ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەش ئۈچۈن، كۈچنى توپلاپ دۆلەت كارخانىلىرى دۇچ كەلگەن گەۋدىلىك قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش كېرەك. دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىدا ئىستېھكامغا ھۇجۇم قىلىشتا ئالدى بىلەن مۇشۇ ئىستېھكامغا ھۇجۇم قىلىش لازىم.

دۆلەت كارخانىلىرى دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى كۆپ خىل سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان.

1. بەزى تارماقلار ۋە كارخانىلار كونا پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالمىغان، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى، ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمى ۋە ئىدىيۋى كۆز قاراش جەمئىيەت سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشالمىغان، كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش، ئەمگەك - كادىرلار، دارامەت تەقسىماتى، تېخنىكا تەرەققىياتى قاتارلىق ئىشلىرى جەمئىيەت ئۈنۈملۈك مېخانىزم شەكىللەندۈرۈلمىگەن، ھاياتىي كۈچى كەم.

2. دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ سېپى بەك ئۇزۇن، جايلاشتۇرۇلۇشى بەك تارقاق، ئومۇمىي گەۋدىلىك ساپاسى يۇقىرى ئەمەس ۋە بايلىقنىڭ تەقسىملىنىشى نامۇۋاپىق بولۇش زىددىيىتى كۈندىن-كۈنگە گەۋدىلىنىپ چىققان. بازار تەلىپىنىڭ ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ، بەزى ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى قىسقارتىشقا، تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرى قالاق، بايلىقنى ئىسراپ قىلىدىغان، مۇھىتنى بۇلغايدىغان بىر تۈركۈم كارخانىلارنى شاللىۋېتىشكە توغرا كەلگەن. جايلاشتۇرۇشنى تەڭشەش ئۈچۈن بولسا بىر جەريان كېتىدۇ.

3. خىزمەتتىكى قارىغۇلۇقتىن كېلىپ چىققان تەكرار قۇرۇلۇش قىلىش بىر تۈركۈم كارخانىنى قىيىن ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان. بەزى كارخانىلار ۋە تۈرلەر تەكرار قۇرۇلۇشقا ياتمىسىمۇ، لېكىن كاپىتالى ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل بولۇپ، يۇقىرى سوممىلىق قەرزگە بوغۇلۇپ ئىگىلىك باشقۇرىدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالغان، ئۇلارنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىمۇ قىيىن بولۇپ قالغان.

4. تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، دۆلەت كارخانىلىرى ئىزچىل تۈردە ئىجتىمائىي ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خىزمەتچىلەرنى قېرىغاندا بېقىش ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش قاتارلىق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ كەلدى. كارخانىلارنىڭ زىممىسىگە بۇنداق ئېغىر بوخچىلار يۈكلەنگەن شارائىتتا ئۇلارنىڭ باشقا كارخانىلار بىلەن باراۋەر رىقابەتلىشىشى ناھايىتى قىيىن بولىدۇ.

5. ئىچكى - تاشقى بازارلاردىكى ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن، كارخانىلارنىڭ بازار ئېچىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە زورايغان، مەھسۇلات قۇرۇلمىسى نامۇۋاپىق بولۇش ۋە ئىسلاھاتتا ئارقىدا قېلىش مەسىلىسى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولۇپ، نەتىجىدە كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كەتكەن.

دۆلەت كارخانىلىرى دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەر ئالغا ئىلگىرىلەش ۋە تەرەققىيات جەريانىدا پەيدا بولغان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەر شۇنداقلا تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىش ۋە قۇرۇلمىنى تەڭشەش داۋامىدا ساقلىنىش قىيىن بولغان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەر، ئۇنى كونكرېت تەھلىل قىلىش، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا تەدبىر قوللىنىش لازىم.

بىرىنچى، تۈپ چىقىش يولى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىشتىن ئىبارەت. ئىسلاھات يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، كارخانىلارنى ھەقىقىي تۈردە بازارغا ئۇيغۇنلىشىدىغان، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرىدىغان، پايدا -زىيىنىغا ئۆزى ئىگە بولىدىغان قانۇنىي ئىگىلىك ئەمەلىي گەۋدىگە ۋە بازار سۇبيېكتىغا ئايلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. دۆلەت ئىلكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلاردا ئۆلچەملەشكەن شىركەت تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇپ، ئۈنۈملۈك بولغان بىرىيۈرۈش رىغبەتلەندۈرۈش ۋە تىزگىنلەش مېخانىزمىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش كېرەك. كارخانا رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش، بولۇپمۇ كارخانىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇل خادىملىرىنى ئوبدان تاللاپ، كارخانا باشقۇرۇشنى ھەقىقىي كۈچەيتىش لازىم. دۆلەتنىڭ مال-مۈلكىنى

باشقۇرۇش، ئىشقا سېلىشنىڭ ئۈنۈملۈك تەشكىلىي شەكىللىرى ئۈستىدە پائال ئىزلىنىپ، قاتتىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، دۆلەت مال-مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش ۋە ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ قەرزى ئېغىر، خادىملىرى كۆپ، ئىجتىمائىي يۈكى ئېغىر بولۇش زىددىيىتى تارىختا شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشتا ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بازار ئىگىلىكى پرىنسىپى بويىچە پەيدىنپەي ھەل قىلىشقىلا توغرا كېلىدۇ، «داشقازان تامىقىنى يېيىش» ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ. ئىسلاھات ياخشى يولغا قويۇلسا، كارخانىنىڭ زىيان تارتىشىنى بۇراپ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشىنى تۈزۈلمە ۋە مېخانىزم جەھەتلەردىن كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئېلىمىز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشى ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسىدىكى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، دۇنيانىڭ پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش يۈزلىنىشىنى نەزەرگە ئېلىپ، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشى ۋە قۇرۇلمىسىنى ئىستراتېگىيە جەھەتتىن تەڭشەش، دۆلەت كارخانىلىرىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش كېرەك.

ئۈچىنچى، ماكرو ئىگىلىك مۇھىتى ۋە دۆلەتنىڭ مالىيە كۈچى جەھەتتىكى ئىمكانىيەتكە ئاساسەن، ئاكتىپ تەدبىر قوللىنىپ، ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارنى پەرقلەندۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ كاپىتالى يېتەرسىز بولۇش، قەرز نىسبىتى ۋە ئىجتىمائىي يۈكى بەك ئېغىر بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى پەيدىنپەي ھەل قىلىش لازىم. بانكىنىڭ ئېسىپ قويۇلغان قەرزنى كۆتۈرۈۋېتىش تەييارلىق فوندىنى كۆپەيتىپ، ئۇنى نۇقتىلىق كارخانىلار ۋە چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى نۇقتىلىق دۆلەت كارخانىلىرىنى قوشۇۋېلىشقا، ئۇلارنىڭ ۋەيران بولۇشىغا ۋە بايلىق مەنبەسى تۈگىگەن كانلارنى تاقىۋېتىشكە مەركەزلىك ئىشلىتىش؛ دۆلەت ئۆز ئالدىغا مەبلەغ سالغان سودا بانكىلىرىنىڭ پۇل مۇئامىلە مال-مۈلۈكنى باشقۇرۇش شىركەتلىرىنى قۇرۇپ، ئۈنۈمسىز مال-مۈلۈكنى بىر تەرەپ قىلىش ئىسلاھاتىغا بىرلەشتۈرۈپ، شەرتكە مۇۋاپىق كېلىدىغان نۇقتىلىق كارخانىلاردا قەرزنى پايغا ئايلاندۇرۇش ئىشىنى يولغا قويۇش؛ شەرت-شارائىتى بولغان دۆلەت كارخانىلىرىنى تاللاپ كاپىتال بازىرى ئارقىلىق مەبلەغ توپلاش؛ قىسمەن يەرلەرنىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىپ ۋە قىسمەن كارخانىلارنىڭ مال-مۈلكىنى نەقلەشتۈرۈپ، ئۇنى مەبلەغنى كۆپەيتىپ قەرزنى ئازايتىشقا ئىشلىتىش قاتارلىق كۆپ خىل چارىلەرنى قوللىنىشقا بولىدۇ. بۇ تەدبىرلەر ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر بولۇپ، ئۇنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىش كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، خەلقئارادا ئېقىۋاتقان بەزى ئۇسۇللارنى ئەينەك قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

تۆتىنچى، كارخانىنى قوشۇۋېلىش، كارخانىلارنىڭ ۋەيران بولۇشىنى، ئىش ئورنىدىن قالغانلارنى تارقاقلاشتۇرۇش، خادىملارنى قىسقارتىپ ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش جەريانىدا ئايرىلىپ چىققان خادىملارنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى ئەڭ گەۋدىلىك، قىيىنلىق دەرىجىسى ئەڭ زور خىزمەت. ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇپ تارقاقلاشتۇرۇش، خادىملارنى قىسقارتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ئىشىنىڭ يۆنىلىشى توغرا، ئۇنىڭدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇش لازىم. بىرىنچىدىن، مەبلەغنى ئوبدان ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. ھەقىقەتەن قىيىنچىلىقى بولغان ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمدىكى رايونلار ۋە كونا سانائەت بازىلىرىغا مەركەز مالىيىسى زۆرۈر مەدەت بېرىشى لازىم؛ ئىككىنچىدىن، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كەڭ ئېچىپ، تېخىمۇ كۆپ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىنى يارىتىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىش ئورنىدىن قالغان خىزمەتچىلەرنىڭ كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكىدىن باشقا ئىگىلىك ئورۇنلىرىدا ئىشقا ئورۇنلىشىشقا، ئۆزلىرى تەشكىللىنىپ ئىگىلىك تىكلەشكە ۋە ئۆزى ئىش تېپىشقا ئىلھاملاندۇرۇش لازىم.

قىيىنچىلىق شارائىتتا ئىگىلمەي-سۇنماي ئىش قىلىدىغان، بوشاشماي كۈرەش قىلىدىغان روھ بىلەن يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش- يارىتالماسلىق كادىرلار ئۈچۈن مۇھىم سىناق ھېسابلىنىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئىسلاھاتنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئەمەلىيەت داۋامىدىكى تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل خۇلاسىلەپ، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تۈرلۈك چارىلەر بىلەن ھەل قىلىپ، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ يول ئېچىپ ئىلگىرىلىشى لازىم.

(داۋامى بار)

قادىر داۋۇت (ت)



# كومپارتىيە ئەزالىرى ماركسىزملىق ماتېرىيالىزمدا چىڭ تۇرۇشى لازىم

قادىر داۋۇت

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 15-قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان يېڭى پارتىيە نىزامنامىسىدە: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆز ھەرىكىتىنىڭ قىبلىنامىسى قىلىدۇ» دەپ بەلگىلەندى. ماركسىزملىق دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم پرولېتارىياتنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە مېتودولوگىيىسى، پرولېتارىيات ۋە ئۇنىڭ پارتىيىسىنىڭ دۇنيانى بىلىش، دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىكى قۇدرەتلىك ئىدىيىۋى قورالى. ئۆز ئىختىيارىلىقى بىلەن قەسەم بېرىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان كومپارتىيە ئەزالىرى ماركسىزملىق ماتېرىيالىزمدا چىڭ تۇرۇشى لازىم. لېكىن بەزى كومپارتىيە ئەزالىرى، بولۇپمۇ پارتىيىلىك كادىرلار ئىدىئالىزمنى ئىدىيىۋى ئاساس قىلغان بەزى خۇراپىي، پەنگە قارشى ھادىسىلەر ئالدىدا ھەق-ناھەقنى ئايرىماي، ئۇنى توسماي ۋە ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش قىلماي، ئەكسىچە بۇ خاتا نەرسىلەرنىڭ ئەسىرىگە ئايلانماقتا ۋە ئىنتايىن يامان تەسىرلەرنى پەيدا قىلماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن، نۆۋەتتە كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ماركسىزملىق ماتېرىيالىزمدا چىڭ تۇرۇشىنى تەكىتلەش زۆرۈر.

ماتېرىيالىزم بىلەن ئىدىئالىزم بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان ئىككى خىل دۇنيا قاراش بولۇپ، دۇنيا قاراش كىشىلەرنىڭ دۇنيا توغرىسىدىكى توپ كۆز قارىشى. بۇ توپ كۆز قاراش بولسا ماددا، ئاڭدىن ئىبارەت بۇ بىر جۈپ كاتېگورىيىگە باغلىنىشلىق بولىدۇ. دۇنيادىكى شەيئىلەر ھەر خىل-ھەر ياڭزا، مول مەزمۇنلۇق بولسىمۇ، لېكىن دۇنيادىكى شەيئىلەرنى ماددىي دۇنيا ۋە ئادەمنىڭ ئېڭىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. ماددا كاتېگورىيىسىنىڭ ئەكس ئەتتۈرىدىغىنى ۋە يىغىنچاقلايدىغىنى قۇم، تاش، تېرەك، شاپتۇلغا ئوخشاش كونكرېت ماددا بولماستىن، بەلكى كونكرېت شەيئىنىڭ ئوخشاشلىقىنىڭ ئابستراكتلاشتۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ماددىي دۇنيا ۋە كونكرېت ماددىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە راۋاجلىنىشىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنمايدىغان ئوبيېكتىپ چىنلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئاڭ كاتېگورىيىسىنىڭ ئەكس ئەتتۈرىدىغىنى ۋە يىغىنچاقلايدىغىنى ئادەمنىڭ بىلىش پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلى، مەسىلەن، ئادەمنىڭ ھېسسىي بىلىشى ۋە ئەقلىي بىلىشى شۇنىڭدەك تۇيغۇ، ھۆكۈم، نۇقتىئىنەزەر، نەزەرىيە، فاڭجېن، سىياسەت قاتارلىقلار. دۇنيا قاراش ئالدى بىلەن ماددا بىلەن ئاڭنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى چۈشەندۈرۈشى كېرەك. بۇنىڭغا بېرىلگەن جاۋابنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ ماتېرىيالىزم بىلەن ئىدىئالىزم بارلىققا كېلىدۇ. ئومۇمىي ماتېرىيالىزمنىڭ قارىشىچە، دۇنيانىڭ ماھىيىتى ماددىي، ئوبيېكتىپ بولىدۇ، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتى ئاساسلىقى ئۇنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ؛ ماددا ئاڭنى بەلگىلەيدۇ، ئادەمنىڭ ئېڭى

ئادەم مېڭىسىنىڭ بىر خىل پائالىيىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى ئادەم مېڭىسىدە ئەسلىدە بار نەرسە بولماستىن، بەلكى ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ئەكس ئەتتۇرۇلۇشى. ئەمەلىي تۇرمۇشتا، ماتېرىيالىزم ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشنى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەشنى تەكىتلەيدۇ. ئىدىئالىزمنىڭ قارىشىچە، دۇنيانىڭ ماھىيىتى روھ بولۇپ، روھ ماددىنى بەلگىلەيدۇ. «روھ» توغرىسىدىكى چۈشەندۇرۇشنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ ئىدىئالىزم يەنە ئوبيېكتىپ ئىدىئالىزم ۋە سۇبيېكتىپ ئىدىئالىزم دەپ ئايرىلىدۇ. ئالدىنقىسى ماددىي دۇنيانىڭ ۋە كونكرېت شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشنى مەلۇم ئوبيېكتىپ روھ بەلگىلەيدۇ دەپ قارايدۇ ۋە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ بۇ روھنى مۇتلەقلەشتۇرىدۇ ياكى ئىلاھلاشتۇرىدۇ. شۇڭا ئوبيېكتىپ ئىدىئالىزم كۆپ ھاللاردا دىن بىلەن قويۇق باغلىنىشلىق بولىدۇ، ئوبيېكتىپ روھ دېگىنى تەڭرى، ئىلاھنىڭ باشقىچە ئاتىلىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. سۇبيېكتىپ ئىدىئالىزم ئادەمنىڭ روھىنى (كۆڭۈل، ئاڭ، كۆز قاراش، ئىرادە قاتارلىقلارنى) دۇنيانىڭ مەنبەسى، دۇنيادىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى شەخسنىڭ ئېڭىنىڭ مەھسۇلى دەپ ھېسابلاپ، ئادەم ئاڭقىرالىغان شەيئىلا مەۋجۇت شەيئى دەپ قارايدۇ. رېئال تۇرمۇشتا، ئوبيېكتىپ ئىدىئالىزم تەقدىرچىلىك بولۇپ ئىپادىلىنىدىغان بولۇپ، ئۇ جەمئىيەتنىڭ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالى توغرىسىدىكى ئۈمىدىنى تەڭرىگە ياكى مەلۇم ئىلاھقا باغلايدۇ، بۇ بىر خىل پاسسىپ جاھاندارچىلىق پەلسەپىسى بولۇپ، دۇئا-تىلاۋەت قىلىشقا، رەممالچىلىققا تايىنىپ جەمئىيەتنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنىدۇ؛ سۇبيېكتىپ ئىدىئالىزم ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىق رولىنى چەكسىز مۇبالىغە قىلىدۇ، ھەممە ئىشتا سۇبيېكتىپ ئارزۇ، قىياس ياكى نەزەرىيە، كىتابنى ئاساس قىلىپ، نېمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلىدۇ، «ئادەم قانچە دادىل بولسا، يەردىن شۇنچە كۆپ ھوسۇل چىقىدۇ» دەپ ھېسابلاپ، ئادەمنىڭ ئېڭى ۋە ئەمەلىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت تەرىپىدىن چەكلەپ تۇرۇلىدىغانلىقىغا سەل قارايدۇ.

ماركسىزملىق ماتېرىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، تۈۋەندىكىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش لازىم:

بىرىنچى، ماركسىزملىق ماتېرىيالىزم دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم. دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ قارىشىچە، ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولىدۇ، ھەرىكەت قىلىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ ۋە قانۇنىيەتلىك ھالدا ئالغا قاراپ راۋاجلىنىدۇ. كومپارتىيە ئەزالىرى ماركسىزملىق ماتېرىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، نۆۋەتتە سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن ئىبارەت بۇ ئەڭ چوڭ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى بىلىشى ۋە ئىگىلىشى لازىم.

ئىككىنچى، ماركسىزملىق ماتېرىيالىزم دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق تەبىئەت قارىشى بىلەن تارىخ قارىشىنىڭ بىرلىكى. ماركسىزملىق ماتېرىيالىزمنىڭ قارىشىچە، جەمئىيەت تارىخىغا ئادەم قاتنىشىدىغان، مىكرو جەھەتتىن ئېيتقاندا، شەخسنىڭ پائالىيىتىنى ئۆزىنىڭ ئېڭى، مەسىلەن، پائالىيەتنىڭ مەقسىتى، پرىنسىپى، ئۇسۇلى قاتارلىقلار ئىدارە قىلىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئادەمنىڭ ئېڭىنىڭ مەزمۇنى سۇبيېكتىپنىڭ ئېڭىدىن پەيدا بولغان بولماستىن، بەلكى ئۇ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئىنكاسى؛ شەخسنىڭ پائالىيىتىمۇ ئۇ ياشاۋاتقان مۇھىت، دەۋر شارائىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. جەمئىيەت تارىخىغا قاتنىشىدىغان ئادەمنىڭ ئاڭلىق پائالىيىتى ئوبيېكتىپلىقىغا ئىگە بولىدۇ. ماكرو جەھەتتىن ئېيتقاندا، جەمئىيەت ئوخشاشمىغان ئادەملەردىن تەركىب تاپىدۇ، جەمئىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىياتى جىمىكى ئادەملەرنىڭ پائالىيىتىدىن شەكىللىنىدۇ. ئادەم مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش، راۋاجلىنىش ئۈچۈن يېمەك-ئىچمەك، يۈرۈش-تۇرۇش، كىيىم-كېچەك قاتارلىق ماددىي تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەمنىڭ ئەڭ ئاساسىي، ئەڭ مۇھىم پائالىيىتى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىش بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىنلا سىياسىي، مەدەنىيەت قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنالايدۇ؛ ئوخشاشمىغان دەۋرلەردىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنى ئوخشاشمىغان دەۋرلەردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى ۋە ئۇ چەكلەپ تۇرىدىغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ خاراكتېرى بەلگىلەيدۇ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ زىددىيەت ھەرىكىتى قانۇنىيىتى جەمئىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشىنى بەلگىلەيدۇ. كومپارتىيە ئەزالىرى ماركسىزملىق ماتېرىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، شەخسنىڭ ۋە جەمئى-

يەتنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدىكى ئۈمىدىنى سىرلىق كۈچكە ياكى ئاتالمىش تەقدىرگە باغلىماسلىقى، خالىغانچە ئىش قىلىدىغان سۇبيېكتىپچىلىقنى تۈگىتىشى، تۇرمۇش ۋە خىزمىتىنىڭ نىشانى ۋە پىلانلىرىنى ئۆزى تۇرۇۋاتقان مۇھىت ۋە دەۋر شارائىتىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ بەلگىلىشى لازىم.

ئۈچىنچى، ماركسىزملىق ماتېرىيالىزم بىر خىل ئەمەلىيەت ئاساسىدىكى ماتېرىيالىزم. ئۇ، بىرىنچىدىن، دۇنيانى بىلىشنىڭ ئەمەلىيەتتىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئادەمنىڭ دۇنيا توغرىسىدىكى بىلىشى ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ، بىلىشنىڭ توغرا بولۇش-بولماسلىقى ئەمەلىيەت تەرىپىدىن سىنىلىدۇ ۋە ئەمەلىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ؛ ئادەمنىڭ ئەمەلىيىتى شەرتلىك بولىدۇ، ئادەمنىڭ بىلىشى چەكلىك بولىدۇ، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان، مۇتلەق توغرا بولىدىغان مەڭگۈلۈك ھەقىقەت مەۋجۇت ئەمەس. ئىككىنچىدىن، دۇنيانى بىلىشتىكى مەقسەت دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى ئوبيېكتىپ بولىدۇ، ئادەم قانۇنىيەتنى يوقىتالمايدۇ، ئىجاد قىلالمايدۇ ۋە ئۆزگەرتەلمەيدۇ، لېكىن ئادەم قانۇنىيەت ئالدىدا ئىقتىدارسىز ئەمەس. ئادەم ئەمەلىيەت ئارقىلىق دۇنيانى بىلىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى پائالىيەتچان ھالدا دۇنيانى ئۆزگەرتەلەيدۇ. بۇنداق پائالىيەتچانلىقنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى شۇكى، ئادەم ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى بىلىش ئاساسىدا قانۇنىيەتتىن پايدىلىنىپ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى ئۆزگەرتىپ ئادەمنىڭ مەقسىتىگە يېتىپ، ئۇنى ئادەمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالايدۇ. ئۈچىنچىدىن، خەلق ئاممىسى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى، ئىجتىمائىي ماددىي بايلىق ۋە مەنىۋى بايلىقنىڭ ياراتقۇچىلىرى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتى ۋە يۈزلىنىشى ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن بىردەك بولىدۇ. ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىجتىمائىي بىلىش ساھەسىدە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىگە مۇۋاپىق كېلىش-كەلمەسلىك نەزەرىيە، فاڭجېن، سىياسەتلەرنىڭ توغرا بولغان-بولمىغانلىقىنى سىناشنىڭ ئۆلچىمى قىلىنىدۇ. كومپارتىيە ئەزالىرى ماركسىزملىق ماتېرىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، دۇنيانى بىلىش مەسىلىسىدە ئەمەلىيەت نۇقتىئىنەزىرىدە چىڭ تۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىشى؛ بارلىق نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ توغرا ياكى توغرا ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلىشتا ئۇنىڭ ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن-ئۆتمىگەنلىكىنى ئۆلچەم قىلىشى ۋە ئەمەلىيەت ئۆلچىمىنى قوللىنىپ ھەر خىل بىدئەت تەلىماتلارنى ئاشكارىلىشى؛ دۇنيانى ئۆزگەرتىش مەسىلىسىدىمۇ ئەمەلىيەت نۇقتىئىنەزىرىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمەلىيىتىلا جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ھەل قىلغۇچ كۈچ دېگەن كۆز قاراشنى كۈچەيتىشى؛ فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزۈشتە ۋە تۈرلۈك خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشتا ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ۋە ئىشقا ئاشۇرۇشنى تۈپ چىقىش نۇقتىسى قىلىشى ھەمدە خەلقنىڭ رازى بولغان-بولمىغانلىقى، خۇشال بولغان ـ بولمىغانلىقى، ياقلىغان-ياقلىمىغانلىقىنى ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىش ئۆلچىمى قىلىشى؛ شەخسىي مەنپەئەت بىلەن خەلق مەنپەئىتى، قىسمەن مەنپەئەت بىلەن ئومۇمىي مەنپەئەت، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەت بىلەن يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىپ، ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشنىڭ مېۋىلىرىدىن ئورتاق بەھرىمەن قىلىشى لازىم.

تۆتىنچى، ماركسىزملىق ماتېرىيالىزم بىر خىل ئىلمىي مېتودولوگىيە. ماركسىزملىق ماتېرىيالىزمنى ئۆزىمىزنىڭ بىلىشى ۋە ئەمەلىيىتىگە يېتەكچى قىلغان چاغدا، ئۇ ئىلمىي دۇنيا قاراش ۋە ئىلمىي مېتودولوگىيە بولىدۇ. قانداق دۇنيا قاراش بولسا، شۇنداق مېتودولوگىيە بولىدۇ. ماركسىزملىق ماتېرىيالىزم دۇنيانىڭ ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى دۇنيانى قانداق بىلىش ۋە قانداق ئۆزگەرتىش كېرەكلىكىنىمۇ ئۆگىتىدۇ. كومپارتىيە ئەزالىرى ماركسىزملىق ماتېرىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، ماركسىزملىق ماتېرىيالىزمنىڭ ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلىرىنى دۇنيانى بىلىش ۋە دۇنيانى ئۆزگەرتىشنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلىغا ماھىرلىق بىلەن ئايلاندۇرۇشى لازىم. مەسىلەن، ماركسىزملىق ماتېرىيالىزمنىڭ قارىشىچە، شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى تەرەققىي قىلىپ، ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش، يوقىلىش تارىخى بولىدۇ، ھەممىسىنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى، كەلگۈسى بولىدۇ. بۇ كۆز قاراش بىزدىن مەسىلىلەرنى تەرەققىيات نۇقتىئىنەزىرى بويىچە كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش ۋە ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە زامانىمىزدىكى جۇڭگونى كۆزىتىدىغان ۋە

تەھلىل قىلىنغان بولساق، مۇنۇلارنى كۆرۈۋالالايمىز: ھازىرقى جۇڭگودىكى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت يېرىم فېئودallıق، يېرىم مۇستەملىكىلىك كونا جۇڭگودىن تەرەققىي قىلىپ بارلىققا كەلگەن، بۇ تەرەققىيات جەريانىدا جۇڭگو خەلقى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە مىللىي مۇستەقىللىق، خەلق ئازادلىق ۋە مىللىي يۈكسىلىشنىڭ توغرا يولىغا ماڭغان. 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلاپ بەردى، جۇڭگو خەلقى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يېڭى ئۇزۇن سەپىرىنى باشلىۋەتتى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدى ۋە داۋاملىق ئىسپاتلايدۇكى، بۇ يول جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ يۈكسىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولى، بىز جەزمەن تەرەققىيات جەريانىدىكى بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىدا يېڭى، تېخىمۇ ئۇلۇغۋار سەھىپىلەرنى يازالايمىز. مەسىلىگە مۇشۇنداق قارىغاندىلا ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقلاردىن قورقماي، ئىشلىرىمىزغا تولۇق ئىشەنچ باغلاپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا بولغان ئېتىقادىمىزنى قەتئىيلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، بەزى پارتىيە ئەزالىرى، پارتىيىلىك كادىرلار غايە، ئېتىقادىدىن تەۋرىنىپ، ئىرادىسى ئاجىزلاپ، ئىدىيىسى كاۋاك بولۇپ قالغان، ھەتتا فېئودال خۇراپاتلىقتىن ۋە ھەر خىل ئىدېئالىزملىق بىدئەت تەلىماتلاردىن مەنىۋى تۈۋرۈك ئىزلىگەن، بەزى رەھبىرىي كادىرلار پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى توغرا چۈشەنمەي ۋە ئىجرا قىلماي، خىزمەتتە يېڭى ۋەزىيەت يارىتالمىغان، بۇنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەسى شۇكى، ئۇلار ماركسىزملىق ماتېرىيالىزملىق ئىلمىي دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىيىنى ئىگىلىمىگەن، غايە، ئېتىقاد ۋە خىزمەت ئۇسۇلىنى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىنى ئىلمىي بىلىش ئاساسىغا ئورناتمىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن، يولداش جياڭ زېمىن تەكىتلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق تەربىيىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنىڭ غايە، ئېتىقادىنى ھەقىقىي تۈردە ماركسىزملىق ئىلمىي ئاساس ئۈستىگە تىكلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش» لازىم، «يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەسەرلىرىگە سىڭدۈرۈلگەن دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق ئىلمىي دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىيىنى ئىگىلەش لازىم، توغرا مەيدان، نۇقتىئىنەزەر، ئۇسۇلغا ئىگە بولغاندا، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە تۈرلۈك ئىسلاھات لايىھىلىرىنى بىر قەدەر ئاسان، ئەتراپلىق، توغرا ئىگىلەپ، بىر تەرەپلىمىلىك، مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىشتىن ساقلانغىلى؛ خىزمەتلەر داۋامىدا يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش، ئەمەلىيەتچىل بولۇپ يېڭىلىق يارىتىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، سۇبيېكتىپچىلىق ۋە قارىغۇلۇقتىن ساقلانغىلى بولىدۇ».

كومپارتىيە ئەزالىرى ماركسىزملىق ماتېرىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، بۇ نەزەرىيىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئەتراپلىق ئىگىلەش لازىم. ماركسىزملىق ماتېرىيالىزم كونكرېت ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىيات مېۋىلىرىنى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ھەممىدە ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانغان ئىلمىي نەزەرىيە. ھەربىر پارتىيە ئەزاسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇ ئىستىخىيىلىك ھالدا بارلىققا كەلمەيدۇ، ئۆگىنىش، تەربىيىلەش، سىڭدۈرۈش كېرەك، باشقا يول يوق. ئىككىنچىدىن، ئۆگىنىشتە ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات ئەمەلىيىتىگە، پارتىيىنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىگە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئەمەلىيىتىگە، ئۆزىنىڭ خىزمەت ۋە ئىدىيە ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ماركسىزملىق ماتېرىيالىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى ۋە نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش ۋە ھەل قىلىشتا، ماركسىزملىق ماتېرىيالىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى ۋە نۇقتىئىنەزەرلىرىنى تەتبىقلاش كېرەك. ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، ئۆگىنىش، يەنە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، يەنە ئۆگىنىشتەك چەكسىز تەكرارلىنىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەندىلا، ماركسىزملىق ماتېرىيالىزملىق سەۋىيىمىزنى ئۆستۈرگىلى، دۇنيانى تېخىمۇ ئوبدان بىلگىلى ۋە ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. (06)

# ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى پۇختا، ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك

ئاپتونوم رايوننىڭ «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى خىزمىتى هازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا ئومۇمەن ساغلام، ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلماقتا، ھەرقايسى ئورۇنلار يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ غەمخورلۇقى، قوللىشى ئارقىسىدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشتىن ئىبارەت بۇ يادرونى زىچ چۆرىدەپ يۇقىرى ئۆلچەم، قاتتىق تەلەپتە چىڭ تۇرۇپ، ئىستىل تۈزىتىش روھى بىلەن ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى باسقۇچتىكى ۋەزىپىلەرنى ئەستايىدىل ئورۇندىدى. مەركەزنىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرىدىكى تەلەپكە ئاساسىي جەھەتتىن يېتىپ، خېلى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. ئۇنىڭ ئاساسلىقى تۆۋەندىكىچە: 1) رەھبىرىي كادىرلار بىر قېتىملىق چوڭقۇر ماركسىزملىق نەزەرىيە تەربىيىسىگە ئىگە بولۇپ، ئىدىيە، سىياسىي ساپاسىدا يېڭى ئۆسۈش بولدى؛ 2) بەنزە ۋە شەخسلەردە ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەر تېپىپ چىقىلىپ، تۈزىتىش، ئۆزگەرتىش تەدبىرلىرى تۈزۈپ چىقىلدى ۋە تىرىشىش يۆنىلىشى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتى؛ 3) بىر قېتىملىق جانلىق ئاممىۋى لۇشيەن ۋە ئاممىۋى نۇقتىئىنەزەر بويىچە قايتا تەربىيىگە ئىگە قىلىنىپ پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇقلاشتى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك، ئىنتىزامچان بولۇشى، ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش ئاڭلىقلىقى كۈچەيدى؛ 4) پارتىيىنىڭ تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشتەك ئېسىل ئەنئەنىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ۋە جارى قىلدۇرۇلۇپ، رەھبىرىي كادىرلار بىر قېتىم پارتىيە ئىچىدە قاتتىق سىياسىي تۇرمۇش چېنىقىشىدىن ئۆتتى؛ 5) ئالغا بېسىش روھى قوزغىتىلىپ، ئىستىلدا ئۆزگىرىش قىلىش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، نۆۋەتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرگە ئۈنۈملۈك تۈرتكە بولدى. ئاپتونوم رايوندىكى 4 چوڭ بەنزە ۋە نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىكلەرنىڭ «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى، مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىگە بولغان تونۇشى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتى ھەم خېلى مول تەجرىبىلەر قولغا كەلدى. ئاممىنىڭ قاتنىشىش ئېڭى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى ياخشى قىلىشقا پايدىلىق مۇھىت ۋە كەيپىيات دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. شۇڭا بىزنىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەردىكى «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى تېخىمۇ ياخشى قىلىشقا شەرت-شارائىتىمىز، ئىرادىمىز ۋە ئىشەنچىمىز تولۇق.

ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالدىن قارىغاندا تۆۋەندىكى بىرنەچچە مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئېتىبار بىلەن ياخشى ھەل قىلىش كېرەك:

1) سىياسىي جەھەتتە قەتئىي بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك. «3 كە ئەھمىيەت بېرىش»تە سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش – يادرو، رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سىياسىي جەھەتتە قەتئىي بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش بىز «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىدە تۇتۇشقا تېگىشلىك مۇھىم نۇقتا. شىنجاڭدا رەھبىرىي كادىرلار سىياسىي جەھەتتە قەتئىي بولۇشى كېرەك. بىرىنچى بولۇپ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇرۇشى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى

قەتئىي تەۋرەنمەي قوغداپ، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقتا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. بۇ مەسىلىدە مەيدان، پوزىتسىيە ۋە ئەمەلىي ئىپادىسىنىڭ قانداق بولۇشى ھەر دەرىجىلىك كادىرلىرىمىزنىڭ سىياسىي جەھەتتە قەتئىي بولغان-بولمىغانلىقىنى ئۆلچەيدىغان سىناق تېشى.

2) ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش كېرەك. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئاپتونوم رايون بېكىتكەن پاختىچىلىق ۋە نېفىت مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ئۈستۈنلۈككە ئىگە بايلىقنى ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئىجادىي يوسۇندا يولغا قويۇپ، ئالاھىدە ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشنى مۇھىم يۆنىلىش قىلىشى، ھەرقايسى تەرەپلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەقىقىي ئەۋزەللىككە ئىگە، ئالاھىدىلىككە ئىگە مەھسۇلاتلارنى كەڭ تۈردە ئىشلەپچىقىرىشقا بەل باغلاپ، جايلارنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە داڭلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە كەسپىنى تېزلىكتە بارلىققا كەلتۈرۈشى كېرەك.

3) ئىدىيىدە دېگەندەك ئازاد بولالماسلىق، ئىسلاھات قەدىمى دېگەندەك چوڭ بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، بازارنى يېتەكچى قىلىپ، ئۈنۈمنى نىشان قىلىپ، ئەۋزەللىكنى توغرا تاللاپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى جەزمەن قىلىش، قىلمايدىغان ئىشنى زادى قىلماسلىق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىسلاھاتتا يېڭى بۆسۈشنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىسلاھات ئارقىلىق تەرەققىياتنى، مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

4) مۇقىملىقنى قوغداشتا نېگىزنى تۈزەش تەدبىرىنى تۇتۇش دېگەندەك كۈچلۈك بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك. بۇ قېتىمقى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىدە رەھبىرىي كادىرلار ئالدى بىلەن ماركسىزمنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى، دىن سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى، مەركەزنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى ھۆججەتلىرى ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىن شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئىچكىرىلەپ ئۆگىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ دۆلەتنىڭ ئالىي مەنپەئىتى، خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ھەق، چوڭ ناھەق مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى، بۇ ئىشتا قىلچە مۇجمەللىك قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى، سىياسىي جەھەتتە چوقۇم قەتئىي بولۇشى لازىملىقىنى تولۇق تونۇشى كېرەك. بىز بۇ بىر نەچچە يىللىق مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىدىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى چوڭقۇر ئانالىز قىلىپ، مۇقىملىقنى قوغداش تەدبىرلىرىنى جاي-جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز، بولۇپمۇ تۈپتىن تۈزەش تەدبىرلىرىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىمىز كېرەك.

5) ئىدىيىۋى ئىستىلى، خىزمەت ئىستىلى جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىش كېرەك. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى ئارقىلىق جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى مەقسەت قىلىش نۇقتىئىنەزەرىنى تېخىمۇ پۇختا تۇرغۇزۇپ، ئاممىنىڭ ھىمايە قىلىش-قىلماسلىقى، قوشۇلۇش - قوشۇلماسلىقى، خۇشال بولۇش - بولماسلىقى، ماقۇل بولۇش - بولماسلىقىدەك مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلىنىشنى ئىش بېجىرىش، خىزمەت ئىشلەشنىڭ ھەقىقىي چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرلىشىش نۇقتىسى قىلىشى، جان-دىل بىلەن خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلىشى كېرەك. دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تەدبىر تۈزۈش سەۋىيىسى ۋە رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك، بەنزىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى، پارتكومنىڭ يادرولۇق رەھبەرلىك ئورنىنى قوغداپ، تەشكىلنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى، جەڭگىۋارلىقى ۋە رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ بىر پۈتۈن ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

(يولداش ۋاڭ لېچۈەننىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئاچقان ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدىن ئېلىندى)

# پاك قەلب، شىپالىق قول



**ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە سىستېمىسى بويىچە كەسپتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىپ يېڭى ئىستىل تۇرغۇزۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس ئەسقەرجان ئوبۇل توغرىسىدا**

تەكلىپلىك مۇخبىرىمىز: **ئەنۋەر خىزمەت**

«مەن بىر ئاددىي خەلق دوختۇرى، دوختۇر دېمەك بىمارلارنىڭ چاكىرى دېمەكتۇر، پارتىيە مېنى ئوقۇتتى، تەربىيىلىدى، ئاددىي دېھقان بالىسىدىن مۇكەممەل داۋالاش تەجرىبىسىگە ئىگە ئىختىساس ئىگىسى قىلىپ يېتىشتۇردى. مەن چوقۇم ئۆز كەسپىمنى قەدىرلەپ، بىمارلارنىڭ دەردىگە دەرمان، رەنجىگە شىپا بولۇپ، ئۇنى تىنىمسىز تۆھپە يارىتىپ، پارتىيىنىڭ ماڭا قىلغان مېھىر-شەپقىتىگە ئەمەلىي ھەرىكىتىم ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرىمەن». مانا بۇ مارالبېشى ناھىيە ئاقساقمارال يېزىلىق خەلق شىپاخانىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، شىپاخانا باشلىقى ئەسقەرجان ئوبۇلنىڭ يۈرەك قەسىمى. دېمىسىمۇ ئۇ، داۋالاش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئاشۇ يۈرەك قەسىمىنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقارماي، ئۆز كەسپىگە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاپ، پاك دىيانەتلىك، ئىنتىزمچان، مەسئۇلىيەتچان بولۇپ، ئاغرىققا سەۋەب، ئۆلۈمگە ئامال قىلىپ، ئاممىنىڭ ماختىشىغا، تەشكىلنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشىپ كەلمەكتە.

1987-يىلى قەشقەر تېببىي تېخنىكومىنىڭ داۋالاش كەسپىي سىنىپىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىغان ئەسقەرجان ئوبۇل شۇ يىلى 9-ئايدا ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا تەقسىم قىلىنىپ، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى،ناھىيىلىك ئانا-بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى، ئانار كۆل، ئالاغىر، ئاقساقمارال قاتارلىق يېزا-بازارلاردىكى خەلق شىپاخانىلىرىدا دوختۇر، پونكىت، شىپاخانا باشلىقى، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. ئۇ، مەيلى قەيەردە قانداق ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالمىسۇن، زىممىسىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىسىنىڭ مۇشكۈل، خىزمەت شارائىتىنىڭ ناچار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تەشكىلگە ئارتۇقچە تەلەپ قويماي جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىدى. بىر تەرەپتىن تەجرىبىلىك دوختۇرلارنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۇلارنىڭ داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىدىكى مول ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن كەسپىگە ئائىت خەنزۇ تىل-يېزىقىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، خەنزۇ تىل-يېزىقىدىكى ماتېرىياللاردىن بىمالال پايدىلىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈپ، كەسپىي قابىلىيىتىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يارامىلىق سەھىيە خادىمى بولۇپ يېتىلدى. ئۆگەنگەنلىرىنى ئەلدىن ئايىماي، بىمارلارغا تەقدىم قىلىپ، بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلىپ تەڭتۇشلىرى ئىچىدە تېزلا كۆزگە كۆرۈندى. ناھىيىلىك سەھىيە سىستېمىسى پارتكومى ئۇنىڭ ئۆگىنىشتىكى تىرىشچانلىقى، خىزمەتتىكى يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقى، ئاكتىپچانلىقى، بارلىقىنى ئەلگە بېغىشلاشتەك ئالىيجاناب پەزىلىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، 1991-يىل 6-ئايدا ئۇنى ناھىيە مەركىزىدىن 80 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، داۋالاش ئىشلىرى تولىمۇ ئارقىدا قالغان ئالاغىر يېزىلىق خەلق شىپاخانىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. ئۇ تەقسىماتقا بويسۇنۇپ، ۋەزىپىنى

خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، تەشكىلنىڭ ئۆزىدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلاشقا بەل باغلىدى. ئۇ بىرقانچە يىل جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈش ئارقىلىق ناھىيە بويىچە ئارقىدا قالغان بۇ شىپاخانىنى بىراقلا ناھىيە بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى شىپاخانىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدۇرۇپ، بىمارلارنى رازى قىلدى. ئۇنىڭ نەتىجىلىرى رەھبەرلىكنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى. سەھىيە تارماقلىرى ئۇنىڭ ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا قولغا كەلتۈرگەن بىر قاتار نەتىجىلىرىگە ئاساسەن 1997-يىلى ئۇنى ئاقساقمارال يېزىلىق خەلق شىپاخانىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقى، شىپاخانا باشلىقلىقىغا يۆتكىدى.

ئاقساقمارال يېزىسى 19 مەمۇرىي كەنت، بىر مەيدان، 24 ئىدارە-ئورگان، 4000دىن ئارتۇق ئائىلە، 21 مىڭدىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە، ناھىيە بويىچە بىر قەدەر چوڭ يېزىلارنىڭ بىرى. يىللاردىن بۇيان بۇ شىپاخانىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈملىرى مۇكەممەل بولماسلىق، مۇلازىمەت سۈپىتى ناچار، داۋالاش سۈپىتى تۆۋەن بولۇشتەك تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يېزىدىكى كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ شىپاخانىنىڭ داۋالاش ئىشلىرىغا قارىتا پىكىر-ئىنكاسلىرى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ كەلگەنىدى. ئەسقەرجان ئوبۇل بۇ دوختۇرخانىغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن كەنت، مەھەللە، ئىدارە-ئورگانلارنى ئارىلاپ ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن سىردىشىپ، دوختۇر-سېسترالار بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ پىكىر-تەلەپلىرىنى ئاڭلىدى ھەمدە ئۇنى خىزمەت ئىستىلى، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ياخشىلاشنىڭ ئاساسى قىلدى.

ئەسقەرجان ئوبۇل ئىشنى ئالدى بىلەن پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىن باشلىدى. پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس» تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيە ياچېيكىسىنى يادرو قىلغان ھالدا ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى تەرتىپكە سېلىپ قايتىدىن قۇرۇپ، قائىدە-تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. ھەر ھەپتىدە يېرىم كۈن سىياسىي ئۆگىنىش، يېرىم كۈن كەسپىي ئۆگىنىش قىلىشنى تۈزۈملەشتۈرۈپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى، كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى، قانۇن-تۈزۈم تەربىيىسى، پاكلىق قۇرۇلۇشى تەربىيىسىنى ئۈزۈلدۈرمەي ئېلىپ بېرىپ، كەسپىي خادىملارنىڭ سىياسىي ۋە كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈردى. نامۇۋاپىق قائىدە-تۈزۈملەرنى ئۆزگەرتىپ، ئىچكى جەھەتتىكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. «مەدەنىيەتلىك مۇلازىمەت قىلىش ئەھدىنامىسى»، «مۇھىتىنى ياخشىلاش ئەھدىنامىسى»، «بىمارلارنى ئەدەبلىك كۈتۈۋېلىش تۈزۈمى» قاتارلىقلارنى تۈزۈپ جانلىق ئىجرا قىلدى. كەسپىي خادىملار ئارىسىدا «ئەگەر مەن بىر بىمار بولغان بولسام»، «بىمارلار مېنىڭ قەلبىمدە» تېمىسىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغاندىن باشقا، مەدەنىيەتلىك مۇلازىمەت قىلىش مۇسابىقە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدى. بولۇپمۇ ئۇ كەسپتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش، يېڭى ئىستىل تۇرغۇزۇش ئارقىلىق شىپاخانىنىڭ ئامما ئارىسىدىكى ئىناۋىتى، دوختۇر-سېسترالارنىڭ ئوبرازىنى تىكلەشكە ئالاھىدە كۈچ چىقاردى. يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تارماقلار تۈزۈپ تارقاتقان كەسپتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزەشكە ئائىت قائىدە-تۈزۈملەرنى، بەلگىلىمىلەرنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەش بىلەن بىرگە قائىدە-تۈزۈم، بەلگىلىمىلەرنى ئىشخانا تاملىرىغا يوپۇشتۇردى. بىمارلاردىن سوۋغا قوبۇل قىلغانلار سېزىلگەن ھامان ئايلىق ئىش ھەققىنىڭ 20%نى تۇتۇپ قېلىش، كەسپىدىن ئايرىپ باشقا ئىشقا قويۇش، ئالغان سوۋغىنىڭ قىممىتىگە ئاساسەن 3 ھەسسىدىن 5 ھەسسىگىچە جەرىمانە قويۇپ تۆلىتىۋېلىپ ئىگىسىگە قايتۇرغاندىن باشقا، بىماردىن ئەپۇ سوراشقا، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئارىسىدا ئۆزىنى تەكشۈرۈشكە بويرۇش، قىلمىشى ئېغىرلارنى يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تارماقلارغا يوللاپ بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت چارە-ئاماللارنى قوللىنىپ، بىرى كۆرۈلسە بىرىنى ۋاقتىدا، ئۈنۈملۈك، قاتتىق بىر تەرەپ قىلىپ، باشقىلارغا ئىبرەت قىلدۇردى. دوختۇرخانا ئىچى ۋە ئاساسلىق كوچا ئېغىزلىرىغا پاش قىلىش ساندۇقى ئاسقاندىن باشقا، دوختۇرخانىدا مەخسۇس پاش قىلىش تېلېفونى تەسىس قىلىپ، 24 سائەت دىجورنىلىكتە تۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە ئاممىسى ئارىسىدىن 10 نەچچە كىشىنى نازارەتچىلىككە تەكلىپ قىلىپ، ئاممىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق يوسۇندا قوبۇل قىلدى. قائىدە-تۈزۈملەرگە ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن رىئايە قىلىپ 2 يىل مابەينىدە بىمارلار، قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىرى، دورا ھايانكەشلىرى ئەكەلگەن 20

مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پارىنى رەت قىلىپ، 30 قېتىمدىن ئار-
تۇق مېھماندارچىلىققا بارماي، ئۆزىدە بىر كومپارتىيە ئەزا-
سىدا، بىر پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىردا بولۇشقا تېگىش-
لىك ئالىيجاناب خىسلەتنى نامايان قىلىپ، ئۈلگە بولدى.
داۋالاش ئىشلىرىدا ئالدىنى ئېلىش، قۇتقۇزۇشنى بىرىنچى
ئورۇنغا قويدى. بىمارلارنى كېسەلخانىغا ئېلىشتا تاپشۇرۇشقا
تېگىشلىك پۇلىغا چەك قويماي، ئاۋۋال قوبۇل قىلىپ دۇۋالاپ،
ئاندىن رەسمىيەتلىرىنى تولۇقلاپ يىغىۋالدى. بىمارلارغا
ئوخشاش مۇئامىلە قىلىپ، خىزمەت ئورنىغا، ئابرويىغا قاراپ
پەرقلىق داۋالاشنى قەتئىي چەكلەپ، داۋالاش پرىنسىپلىرىغا
ئەمەل قىلدى. مالىيە ۋە دورا باشقۇرۇشتا يېقىنچىلىق قىلى-
دىغان ئىشلارنى سادىر قىلمىدى. بىمارلارنى ئۆز قېرىنداش-
شىدىن چارە بىلىپ كۆيۈندى. تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىقى بار،
نامرات بىمارلارغا سېخىي قولىنى سۇنۇپ، ئۇلارغا ئىللىقلىق
يەتكۈزدى. 1998 ـ يىلدىن 1999 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا
قەدەر كېسەلخانىدا يېتىپ داۋالانغان 50 نەپەر نامرات بىمار
ئىچىدىن ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار 10 نەچچە بىمارنىڭ 5000
يۈەندىن ئارتۇق داۋالىنىش راسخوتىنى كۆتۈرۈۋەتكەندىن
باشقا، ئۆزى باشلامچى بولۇپ بىمارلارغا ئىللىقلىق يەتكۈ-
زۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، 2500 يۈەندىن ئارتۇق پۇل
يىغىش قىلىپ، تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىقى بار بىمارلارغا ياردەم
قىلدى. باققۇچىسى يوق بىمارلارغا قاراش ئۈچۈن مەخسۇس
ئادەم بېكىتىپ، ئۇلارنى خاتىرجەم داۋالىنىش ئىمكانىيىتىگە
ئىگە قىلدى. تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دوختۇرخانىغا
كېلىپ داۋالىنىش شارائىتى بولمىغان بىمارلارنىڭ ئائىلى-
لىرىگە بېرىپ داۋالاش ئېلىپ بېرىپ، ئاممىنى تەسىرلەن-
دۈردى.

ئەسقەرجان ئوبۇل ئىقتىسادنى تېجەش بەدىلىگە بىمار-
لارنى ئازابلايدىغان ئىشنى قىلمىدى. ئۇ شىپاخانىدا داۋالاشقا
مۇمكىن بولمىغان كېسەللەرنى يۇقىرى دوختۇرخانىلارغا ئۆ-
زى بىرگە ئېلىپ بېرىپ، داۋالىنىش ئىشلىرىغا ئاسانلىق
تۇغدۇرۇپ بەردى. يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىلاردا داۋا-
لىنىپ كېلىشكە رۇخسەت قىلىنغان بىمارلارنىڭ ئىچىدە
تۇرمۇشىدا ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلىرىغا ئالدىن پۇل ھەل
قىلىپ بېرىپ دەردىگە دەرمان بولدى. بۇ ئارقىلىق بىمارلارغا
سوتسىيالىستىك چوڭ ئائىلىنىڭ ئىللىقلىقىنى يەتكۈزۈپ،
ئۇلارنى خاتىرجەم قىلدى. ئۇ بىمارلارغا ئازادە مۇھىت يارى-
تىپ بېرىش ئۈچۈن 400 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق راسخوت
ئاجرىتىپ ئەلا سورتلۇق مېۋىلىك دەرەخ ۋە گۈل ـ گىياھ
ئۆستۈرۈپ مۇھىتنى گۈزەللەشتۈردى. تۈرلۈك مەدەنىي كۆڭۈل
ئېچىش ئەسلىھەلىرىنى سېتىۋېلىپ مەدەنىي تۇرمۇشىنى
جانلاندۇردى. بۇلتۇر 700 يۈەن ئاجرىتىپ يېزىلىق ئىشتىن
سىرتقى سەنئەت ئەترىتىنى تەكلىپ قىلىپ بىمارلارغا بىر
مەيدان ئويۇن كۆرسىتىپ بېرىپ، 200 دىن ئارتۇق بىمارنىڭ
ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق تىرىشچانلىق
كۆرسىتىپ ئىشلىشى ئارقىسىدا كەسپىي خادىملار ئارىسى-
دىكى بىمارلاردىن نەرسە ـ كېرەك تەلەپ قىلىش، كۆپ دورا
يېزىپ بېرىپ ئوتتۇرىدىن نەپ ئېلىش، بىمارلارنىڭ ئوكۇل
ـ دورىلىرىنى كەم بېرىش، «قىزىل بولاق» قوبۇل قىلىش،
ئىشقا كېيىن كېلىپ بالدۇر قايتىش، خىزمەتتە مەسئۇلىيەت-
سىزلىك قىلىپ ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلىش، قانۇنسىز
ھالدا ئېتىبار باھادا دورا كىرگۈزۈپ شېرىنكانە ئېلىشقا
ئوخشاش بىر قاتار ناتوغرا ئىستىللار تەل ـ تۆكۈس تۈگىتى-
لىپ، ئەلا مۇھىت، يېڭى ئىستىل بەرپا قىلىنىپ، دوختۇر-
خانىنىڭ ئامما ئارىسىدىكى ئىناۋىتى ۋە ئوبرازى قايتا
تىكلىنىپ، بىمارلارنىڭ ئىللىق ئائىلىسىگە ئايلاندى.

كەسپىي خادىملارنىڭ تېببىي ئەخلاق، كەسپىي ئەخلاق
قارىشىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، دوختۇرخانىنىڭ سىياسىي
ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتىنىڭ ياخشىلىنىشى، پاكلىق قۇرۇلۇ-
شىنىڭ كۈچەيتىلىشىگە ئەگىشىپ دوختۇرخانىنىڭ ئىقتى-
سادىي كىرىمىمۇ مۇناسىپ ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭ
بىلەن بۇ شىپاخانا كۆپ قېتىم ناھىيىلىك سەھىيە سىستې-
مىسى بويىچە، يېزا بويىچە «قىزىل بايراقدار ئورۇن»، «دا-
ۋالاش، سەھىيە، ساقلىقنى ـ ساقلاش خىزمىتىدىكى ئىلغار
ئورۇن»، «نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار
ئورۇن»، «يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىشتىكى ئىلغار ئو-
رۇن» بولۇپ، قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە «ئاساسىي قاتلام ئۇل
قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن» بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەن-
دى. ئەسقەرجان ئوبۇلمۇ سىڭدۈرگەن ئەجرىگە مۇناسىپ
كۆپ قېتىم يېزا، ۋىلايەت بويىچە «كەسپىتىكى ناتوغرا
ئىستىللارنى تۈگىتىپ، يېڭى خىسلەت تۇرغۇزۇش خىزمە-
تىدىكى ئىلغار شەخس»، «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى»،
«ئىلغار پارتىيە خىزمەتچىسى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى
نەمۇنىچىسى» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلانغاندىن سىرت،
1999 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە سىستېمىسى
بويىچە «كەسپىتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈگىتىش، يېڭى
ئىستىل تۇرغۇزۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس» بولۇپ
باھالىنىپ، ناھىيىدىكى ھەر مىللەت سەھىيە خادىملىرىغا
شان ـ شەرەپ كەلتۈردى. (04)

# دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە مۇستەھكەملەش كېرەك

ئابلېكىم تۇرسۇننىياز

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە مۇستەھكەملەش — نۆۋەتتە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان دېھقان، چارۋىچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

پارتىيىمىز دېھقان، چارۋىچىلارنى تەربىيىلەشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى سوتسىيالىزمنىڭ بىر بەلگىسى سۈپىتىدە تۇتۇپ بىر قاتار لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزۈپ يولغا قويدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان يولداش يې جيەنيىڭنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش چوڭ يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى»دە: «بىز يۈكسەك ماددىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۈتكۈل مىللەتنىڭ مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ۋە ساغلاملىق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، يۈكسەك ئىنقىلابىي غايە ۋە ئىنقىلابىي ئەخلاق - پەزىلەتنى تىكلەپ، يۈكسەك، مەزمۇنغا باي بولغان مەدەنىي تۇرمۇشنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يۈكسەك دەرىجىدىكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىكنى بەرپا قىلىشىمىز لازىم» دەپ كۆرسىتىلگەن. پارتىيىنىڭ 12 - قۇرۇلتىيىدا بېرىلگەن دوكلاتتا «سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك — سوتسىيالىزمنىڭ مۇھىم بەلگىسى» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى، پارتىيە 12 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6 - ئومۇمىي يىغىنىدا «سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى توغرىسىدا قارار» ماقۇللىنىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى، تۈپ ۋەزىپىسى ۋە مۇھىم فاڭجېنى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6 - ئومۇمىي يىغىنىدا «سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر بىر قانچە مۇھىم مەسىلە توغرىسىدا قارار» ماقۇللىنىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش زۆرۈر ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپە ئىكەنلىكى ھەمدە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ نىشانى كۆرسىتىپ بېرىلدى. پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدا باش شۇجى جياڭ زېمىن «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتا، پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىدىيىۋى - ئەخلاق سۈپىتى ۋە پەن - مەدەنىيەت سۈپىتىنى كۈچەيتىپ ئۆستۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك يۈكسىلىشىنى كۈچلۈك مەنىۋى تۈرتكە ۋە ئەقلىي مەدەتكە ئىگە قىلىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ تەلىپىگە لايىقلاشقان غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيلىك ۋە ئىنتىزامچان پۇقرالارنى ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد يېتىشتۈرۈش شەرت»، دەپ كۆرسەتتى ھەم بىزگە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مۇشكۈل ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

بىز سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ مۇشكۈل ھەم ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن جەزمەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملىشىمىز زۆرۈر. چۈنكى

مەملىكىتىمىز ئاھالىسىنىڭ 80% دىن كۆپرەكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا جايلاشقان، بۇ، 800 ـ 900 مىليون ئادەمگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە، بۇ چوڭ قوشۇن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئاساسىي قوشۇن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا بىر قاتار خىزمەتلەر ئىشلىنىپ، زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ ئاساسىي ئېقىم. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا ھېلىھەم مەسىلىلەر مەۋجۇت. بەزى ئورۇنلاردا رەھبەرلىكنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى دېگەندەك ياخشى ئەمەس، «بىر قولدا تەڭ تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش» مەسىلىسى تېخى ھەقىقىي ھەل بولغىنى يوق. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ كەمچىل، تەشۋىقات، مەدەنىيەت ئورۇنلىرىنىڭ قىيىنچىلىقى زور. دېھقان، چارۋىچىلارنى تەربىيىلەش ئۈنۈمى تۆۋەن. شۇ سەۋەبلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا سىياسىي، ئىجتىمائىي كەيپىيات دېگەندەك ياخشى ئەمەس، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر ھەمىشە جەمئىيەت مۇقىملىقىغا خەۋپ يەتكۈزۈپ تۇرماقتا. ئوغرىلىق قىلىش، قىمارۋازلىق، پاھىشىۋازلىق، ئىپپەت ـ نومۇسنى سېتىش قىلمىشلىرى ھېلىھەم مەۋجۇت. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مەدەنىيەت يۇرتى، مەدەنىيەت پونكىتلىرى ئۆزلىرىنىڭ رولىنى يوقىتىپ قويۇۋاتىدۇ، كەنت مەدەنىيەت ئۆيلىرى ئوبدان باشقۇرۇلمايۋاتىدۇ، ئاممىنىڭ كىنو كۆرۈش مەسىلىسى تەس بولۇۋاتىدۇ، ۋەھاكازالار. بۇ مەسىلىلەر بىزگە شۇنى تولۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلمەيدىكەن ۋە مۇستەھكەملەنمەيدىكەن ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مەنىۋى تۈۋرۈكتىن ئايرىلىپ قالىدۇ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات چېكىنىپ كېتىدۇ.

1. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە مۇستەھكەملەشنىڭ ئاچقۇچى ـ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيلىك، ئىنتىزامچان پۇقرالارنى تەربىيىلەپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىدىيە ـ ئەخلاق ساپاسىنى ۋە ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرى بۇ ئاساسىي تېمىنى چۆرىدەپ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇلارغا پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي لۇشيەنى، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى چۈشەندۈرۈشى ھەمدە ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزىملىق، سوتسىيالىزم تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىغا بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈشى، 50 يىللىق غايەت زور ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق، ئۇلارغا سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق تونۇتۇپ، ئۇلارنى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا يېتەكلەش لازىم. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئىجتىمائىي ئەخلاق، كەسپىي ئەخلاق، ئائىلە گۈزەل ئەخلاقى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئىناقلىق ئاساسىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەت، ياخشى ئىجتىمائىي تەرتىپ ۋە ساغلام بولغان ئىجتىمائىي كەيپىياتنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈپ، دېھقان، چارۋىچىلارنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ئۇيغۇن بولغان يېڭى قاراش تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى كۆپەيتىش، پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىش لازىم. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 9 يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى ياخشى يولغا قويۇپ، مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ياخشىلاپ، «پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ ئارقىلىق يېزىلارنى گۈللەندۈرۈش» ئىستراتېگىيىسىنى پىلانلىق، قەدەم ـ باسقۇچلۇق ھالدا يولغا قويۇپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

2. مۇقىملىق تەربىيىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر، ئەستايىدىل، ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇش كېرەك. تارىخىي تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىتتىپاقلىق بولغاندىلا مۇقىملىق بولىدۇ، مۇقىملىق بولغاندىلا تەرەققىيات بولىدۇ. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن دېھقان، چارۋىچىلارغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، پارتىيىنىڭ مىلـ

لى، دىنىي سىياسەتنى توغرىسىدا ئەتراپلىق تەشۋىق قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قارشى تۇرۇش ئاگاھلىقىنى ئۆستۈرۈش لازىم. كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە-خەلق ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى پائالىيىتىنى داۋاملىق، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، «ئىككى ئايرىلالماسلىق ئىدىيىسى»نى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇرۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، سىياسىي مۇقىملىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت ئامانلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

3. ناچار ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش تەربىيىسىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش لازىم. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئوخشىمايدىغان تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى بار. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى داۋامىدا بىر تەرەپتىن، كادىرلار ۋە خەلق ئاممىسىغا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش تەربىيىسىنى پۇختا ئېلىپ بېرىشىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەر مىللەت ئاممىسىغا ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان كونا ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئىسلاھ قىلىش، فېئودال - خۇراپاتلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانماسلىق، توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراق ئىشلىرىنى ئاددىي-ساددا ئۆتكۈزۈش، تىرىشچان، ئىقتىسادچىل بولۇش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ئىلمىي، مەدەنىي، ساغلام تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتە يېڭىچە جانلىق، تېتىك بولغان روھىي كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

4. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى «ئۈچ ئۆي» قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى ياخشى قانات يايدۇرۇش كېرەك. «ئۈچ ئۆي» قۇرۇلۇشى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىدىيە - تەشۋىقات، مەدەنىيەت بازىسى بولۇپ، يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسلىق قىسمى. شۇڭا «ئۈچ ئۆي» قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش ناھايىتى مۇھىم. «ئۈچ ئۆي» گە سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىپ، كىتاب - ماتېرىيال، ئۈسكۈنىلەرنى تولۇقلاپ «ئۈچ ئۆي» نىڭ رولىنى ئوبدان جارى قىلدۇرۇش كېرەك. مەدەنىيەت پونكىتى، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۆزېللىرى، «ئۈچ ئۆي» باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ خىزمىتىگە پائال يېتەكچىلىك قىلىپ، كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەشنى كۈچەيتىش لازىم. «ئۈچ ئۆي» قۇرۇلۇشىغا ماسلاشتۇرۇپ كەنت قائىدىسى، خەلق ئەھدىنامىسىنى تۈزۈپ، تولۇقلاپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «بەشتە ياخشى مەدەنىيلىك ئائىلە»، «ئون يولتۇزلۇق مەدەنىيلىك ئائىلە»، «ئاياللارنىڭ ئۈچنى ئۆگىنىش، ئۈچتە بەسلىشىش مۇسابىقە پائالىيىتى»، «بەشتە ياخشى دىنىي زات»، «بەشتە ياخشى مەسچىت» بەرپا قىلىش پائالىيىتى، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئارقىلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك.

5. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش كېرەك. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق راۋاجلىنىش - راۋاجلىنالماسلىقىدىكى ئاچقۇچ رەھبەرلىكتە. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى چوقۇم ئەستايىدىللىق بىلەن ئادا قىلىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ، «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش» فاڭجېنىنى ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇشى لازىم.

رەھبىرىي كادىرلار چوقۇم پارتىيە ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىشى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىشى، كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئاپپاراتلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەخسۇس خادىملارنى بېكىتىپ، خىزمەت ئىستىلى ۋە خىزمەت ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، ئاساسىي قاتلاملارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇشى لازىم. (06)

(ئاپتور: ج ك پ لوپ ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ)

## ئېسىل پەزىلەتلىك روھ



بۇلتۇر 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى مارالبېشى ناھىيە ئالاغىر يېزا 21 ـ كەنت 2 ـ مەھەللىدىكى 55 ياشلىق دېھقان ئوسمان سابىر ئېھتىياتسىزلىقتىن دەرياغا چۈشۈپ كېتىپ، ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالىدۇ. بۇ جىددىي پەيتتە يېزىلىق دوختۇرخانىدىن بۇ جايغا داۋالاش خىزمىتىگە ئەۋەتىلگەن دوختۇر روزى ئوبۇل ئۆز ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي شىددەت بىلەن ئېقىۋاتقان سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ، ئاخىرى ئوسمان سابىرنى سۇدىن سۈزۈپ چىقىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ جىددىي قۇتقۇزۇشقا مۇھتاج ئىدى. روزى ئوبۇل بىر تەرەپتىن تېببىي قائىدە بويىچە سۇنئىي نەپەس ئالدۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى ئۆزى ئېلىپ بارغان قۇتقۇزۇش ماشىنىسى بىلەن يېزىلىق دوختۇرخانىغا يۆتكەپ، جىددىي قۇتقۇزۇپ، ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالدى. (07)

ئابدۇمجىت موسا

## مەرىپەت بېغىدىكى قابىل يېتەكچى



مەكىت ناھىيە شېھىندۆڭ يېزىلىق ئوقۇتۇش رايونى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، ئوقۇتۇش رايونىنىڭ مۇدىرى ئەخمەت كېرىم مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان 35 يىلدىن بۇيان، يۈرەك قېنىنى مائارىپ ئىشلىرىغا سەرپ قىلىپ، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى ئەتراپلىق تەربىيلەش، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈستىدە دادىل ئىزلەندى. ئۇ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، 30 نەپەردىن ئارتۇق ئۈلگىلىك ئوقۇتۇش ماھىرى، 13 نەپەر ئىلغار مەكتەپ مۇدىرى، 9 نەپەر ئىلغار مائارىپ خىزمەتچىسى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە يېزا تەۋەسىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش نىسبىتى %100 كە، داۋاملىشىش نىسبىتى %98 كە، دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتى %96 كە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇراقلىشىش نىسبىتى %99.3 كە يەتتى. ئۇ يۇقىرىدىكى نەتىجىلىرى ئارقىلىق ۋىلايەت، ناھىيە تەرىپىدىن 16 قېتىم مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، ئىلغار مائارىپ خىزمەتچىسى بولۇپ باھالاندى (07)

ئوسمانجان مۇھەممەت

## ئوت كەتكەندە...



بۇلتۇر 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى قارا قاش ناھىيە كويا يېزا پاۋان كەنت 4 ـ مەھەللىسىدىكى دېھقان ئاق تۇرسۇننىڭ ئۆيىگە تويۇقسىز ئوت كېتىپ، ھەش ـ پەس دېگۈچە ئۇنىڭ ئۆي بىساتلىرى، ئېغىل ـ قوتانلىرى كۆيۈشكە باشلايدۇ. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان كەنت تەۋەسىدىكى پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە خەلق ئەسكەرلىرى نەق مەيدانغا يېتىپ بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئوت بىلەن جىددىي ئېلىشىش ئارقىلىق ئوتنى ۋاقتىدا ئۆچۈرۈۋېلىپ ئۇنىڭ 12 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ئۆي ـ بىساتلىرى ۋە چارۋا ـ ماللىرىنى ئاپەتتىن ساقلاپ قالدى.(07)

روزىمۇھەممەت ئۆمەر

## پۇل ـ مۇئامىلە سېپىدىكى تۆھپىكار




قاغىلىق ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى يېتىملىقوم يېزىلىق نارماق بانكا تىجارەت پونكىتىنىڭ مۇدىرى، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئۆمەر قۇربان ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، پاك ـ دىيانەتلىك بولۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئارىسىدا دۆلەتنىڭ پۇل ـ مۇئامىلە ئىشلىرىغا دائىر سىياسەت، بەلگىلىمىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۇلارغا كەسپىنى سۆيۈش، ئىش ئورنىنى قەدىرلەش، ئەلا مۇلازىمەت قىلىش تەربىيىسى ئېلىپ باردى. يېزا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى. 1998 ـ يىلى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سودا تىجارەت قەرز پۇلىدىن 4 مىليون 756 يۈەننى 356 ئائىلىگە تارقىتىپ، يىل ئاخىرىدا يىغىۋېلىش نىسبىتىنى 100% كە يەتكۈزدى. 1998 ـ يىللىق 4 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئامانەت توپلاش ۋەزىپە كۆرسەتكۈچىنى 5 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ 750 مىڭ يۈەن ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى. بۇلتۇر 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە 6 مىليون يۈەن ئامانەت توپلاپ، يىللىق پىلاننىڭ 86% نى ئورۇنداپ بولدى. (07)

**سىدىق**

## نۇر ئابدۇللا ئابدۇللا پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلغانلىقتىن جازالاندى



گۇما ناھىيە چودا يېزا گولا كەنتىنىڭ مۇدىرى، كومپارتىيە ئەزاسى نۇرئابدۇللا ئابدۇللا پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلىپ، 1995 ـ يىلى 7 ـ ئايدا پىلاندىن سىرت 5 ـ پەرزەنتىنى كۆرۈپ، ساختىپەزلىك قىلىپ تەشكىلنى ئالداپ ھېچقانداق جازاغا ئۇچرىمىغان، بۇ ئىش ئاممىا ئارىسىدا ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلغان. 1999 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئاممىدىن كەلگەن ئىنكاسقا ئاساسەن يېزىلىق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى بىرلىشىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، نۇر ئابدۇللا ئابدۇللانىڭ يۇقىرىدىكى قىلمىشىغا ئاساسەن ئۇنىڭغا پارتىيە ئىچىدە قالدۇرۇپ بىر يىل سىناش جازاسى بەردى.

يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى دۆلەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى توغرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن ئۇنىڭدىن 3544 يۈەن ئىجتىمائىي تەربىيىلەش راسخوتى ئېلىش، ئارتۇق كۆرگەن پەرزەنتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھۆددە يېرى ۋە ئۆي ئورنى تولۇقلاپ بەرمەسلىك، مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشنى قارار قىلدى ھەمدە يېزا بويىچە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىدلىدى. (07)

**ئابدۇقادىر موسا**

## «مىتە» لەر تېگىشلىك جازاسىنى يېدى



لوپ ناھىيە ھاڭگىيا يېزا خوراز توغراق مەيدان پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئابدۇلئەزىز ئىمىن 1991 ـ يىلىدىن 1996 ـ يىلىغىچە مەيدان كاسسىرى بولۇپ ئىشلىگەن مەزگىلدە خىزمەت قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئومۇمەن 3994.20 يۈەن پۇلغا خىيانەت قىلغان. 4572 يۈەن پۇلنى ئىگىلىۋالغان.

مۇئاۋىن مەيدان باشلىقى، مەيدان كاسسىرى، كومپارتىيە ئەزاسى ئېلى تۆمۈر 1996 ـ يىلىدىن 1999 ـ يىلىغىچە قوش چېقىم قىلىش، كىرىم قىلىشقا تېگىشلىك پۇللارنى كىرىم قىلماسلىق قاتارلىق چارىلەرنى قوللىنىپ، ئومۇمەن 2225.30 يۈەن پۇلغا خىيانەت قىلغان.

يېزىلىق پارتكوم، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 1999 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىنتىزام جازاسى نىزامى»نىڭ مۇناسىۋەتلىك ماددىلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن قارار ماقۇللاپ ئابدۇلئەزىز ئىمىنگە پارتىيىدە قالدۇرۇپ بىر يىل سىناش، ئېلى تۆمۈرگە پارتىيە ئىچىدە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىپ، خىيانەت قىلغان پۇلنى تۆلىتىۋالدى.

**ئەلمەردان ئابدۇللا**

# سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى ھەقىقىي يەڭگىللىتەيلى

ئاپتونوم رايونلۇق يېزا خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى

ئابلا تۇراپ

يېقىندا مەن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 5 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش خىزمىتىگە قارىتا بىر قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قارىتىلغان سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەھەتتە بەزى ئورۇنلارنىڭ بىر مۇنچە ياخشى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش بىلەن بىرگە بەزى مەسىلىلەرنى ۋە يېتەرسىزلىكلەرنىمۇ بايقىدىم.

ھەممىگە مەلۇم، دېھقانلارنىڭ سېلىقى ھەقىقەتەن نۆۋەتتە يېزا خىزمىتىدىكى قىيىن نۇقتا، شۇنداقلا قىزىق نۇقتىغا ئايلىنىپ قالدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەركەز، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى سېلىقنى يەڭگىللىتىش سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىللىشىش، ئەمەلىيلىشىشىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ كېلىۋاتىدۇ. ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى دېھقانلارنىڭ سېلىقى مەسىلىسىدە يېتىشكە تېگىشلىك باسقۇچ خاراكتېرلىك نىشانلارنى ناھايىتى قەتئىي ھالدا ئوتتۇرىغا قويدى. دېھقانلارنىڭ سېلىقى ھەددىدىن زىيادە ئېغىر بولۇپ كەتكەن بەزى ۋەقە ۋە دېلولارنى ئۆزلىرى بىۋاستە بىر تەرەپ قىلدى. نەتىجىدە ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش خىزمىتىگە بولغان تونۇشى تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سېلىقنى يەڭگىللىتىش تارماقلىرى مۇشۇ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان بۇ خىزمەتكە بولغان تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ ۋە خىزمەت سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سېلىقنى يەڭگىللىتىش خىزمىتىدە مۇئەييەن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. لېكىن بەزى جايلاردا مەركەز ۋە گوۋۇيۈەننىڭ سېلىقنى يەڭگىللىتىشكە دائىر سىياسەت، بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپ بولغان مەسىلىلەر يەنىلا سادىر بولماقتا.

## 1. دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى

ھازىر يېزىلاردا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغىنىغا 20 يىلدىن ئاشتى. بىز بۇ جەرياندا غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق، كەڭ دېھقان، چارۋىچىلار مەركەزنىڭ سىياسىتىنىڭ توغرىلىقىنى، پارتىيىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتتى.

ئۆتكەن 20 يىللىق ئىسلاھات، تەرەققىيات جەريانىدا، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۆتكەن يىللاردىكىدەك قىيىن ھەم روشەن بولۇپ باقمىغان. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر بولۇۋاتىدۇ. ئۆتكەن يىلى تەبىئىي ئاپەت دېھقانلارغا زىيان كەلتۈرگەندىن سىرت، دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىمۇ ئومۇميۈزلۈك تۆۋەنلەپ كەتتى. بۇ خىل ھالەت يەنە بىر قانچە يىل داۋاملىشىشى مۇمكىن. باھا ئامىلى سەۋەبىدىن دېھقانلارنىڭ 6 مىليارد يۈەندىن 7 مىليارد يۈەنگىچە كىرىمى كېمىيىپ كەتكەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېھقانلار ئىشلەپچىقارغان دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بازارلارغا كىرەلمەي، تاۋارغا، پۇلغا ئايلىنالماي، دېھقانلارنىڭ قولىدا پۇل قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرماقتىمىز.

ئەمەلىيەتتە 1999 ـ يىلى دېھقانلار كىرىمىنىڭ ئېشىش نىسبىتى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ، بۇنى بازارنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان، بۇنى دېھقانلار چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ. بىر قىسىم ئورۇنلار مەمۇرىي ۋاستىلەر ئارقىلىق دېھقانلارغا مەبلەغ، بۇيۇم ۋە ئەمگەك سېلىقىنى مەجبۇرىي تېڭىپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى تۆۋەنلىتىۋەتتى. بىز چوقۇم سەگەكلىك بىلەن شۇنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، ئەگەر مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتى قوغدالمىسا دېھقانلار كىرىمىنىڭ ئېشىشىغا ۋە يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭا بىز شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە ئىجتىمائىي مۇھىتنى چىقىش قىلىپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش خىزمىتىنىڭ زور ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك.

## 2. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش خىزمىتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1993-يىلى مەركىزىي كومىتېت ۋە ئاپتونوم رايون دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش خىزمىتى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىپ، خېلى ياخشى نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى. بىرىنچىدىن، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش نۆۋەتتىكى يېزا ئىگىلىك ۋە يېزا خىزمىتىدىكى بىر چوڭ ئىش ھەم مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە دەپ قارىلىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەرنىڭ كۈندىلىك ئىش تەرتىپىگە كىرگۈزۈلدى؛ ئىككىنچىدىن، پۈتۈن ئاپتونوم رايون مىقياسىدا ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىدىن ئىبارەت 4 دەرىجىلىك دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش رەھبەرلىك ئورگىنى قۇرۇلۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ 1-رەھبىرى گۇرۇپپا باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، بىر قوللۇق تۇتۇپ، ئومۇمىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ، قاتلاممۇ قاتلام سېلىقنى يەڭگىللىتىش مەسئۇلىيەت نىشانى توختامىغا ئىمزا قويۇلدى. بۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە رەھبەرلىك ئورگىنى، خىزمەتچى خادىملىرى ئەمەلىيلەشكەن، بىر دەرىجە يەنە بىر دەرىجىگە مەسئۇل بولغان، قاتلاممۇ قاتلام ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتىدىغان رەھبەرلىك ئاپپاراتى ۋە خىزمەت ھالىتى شەكىللەندى؛ ئۈچىنچىدىن، سېلىقنى يەڭگىللىتىش سىياسىتىگە بولغان تەشۋىقات كەڭ دائىرىدە ئېلىپ بېرىلىپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش سىياسىتىنى كەڭ دېھقانلار ئاممىسى ئوخشىمىغان دەرىجىدە تونۇپ يەتتى ۋە ئىگىلىدى؛ تۆتىنچىدىن، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش ھەققىدىكى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش نىزامى»، «دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش توغرىسىدىكى مەخسۇس ئىدارە قىلىش لاھىيىسى» ھەمدە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى چوقۇم 3 يىل ئۆزگەرتمەي باشقۇرۇش چارىسىنى يولغا قويۇش ھەققىدە تەكلىپ» قاتارلىق بىر قاتار سىياسەت، قانۇن - تۈزۈم تۇرغۇزۇلۇپ، ئۇقتۇرۇش ۋە ھۆججەت شەكلىدە بېسىپ ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا ۋە كەنتلەرگە تارقىتىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سېلىقنى يەڭگىللىتىش خىزمىتىدە قانۇنغا ئاساسەن ئىش كۆرۈش قەدەممۇ قەدەم ئەمەلگە ئاشتى؛ بەشىنچىدىن، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىشتە، خام چوت، ئاتچوت، سېلىق كارتوچكىسى ۋە مەخسۇس مۇپەتتىش قىلىشتىن ئىبارەت 3 تۈرلۈك تۈزۈم كەڭ كۆلەمدە يۈرگۈزۈلدى. ھازىر خام چوت، ئاتچوت تۈزۈمىنى يۈرگۈزگەن كەنت 98% گە يېتىپ، سېلىق كارتوچكىسىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى 95% دىن يۇقىرى بولۇپ، 80% ناھىيىدە مەخسۇس مۇپەتتىش قىلىش تۈزۈمى يۈرگۈزۈلدى؛ ئالتىنچىدىن، سېلىقنى يەڭگىللىتىش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشقا ماسلىشىش ئۈچۈن، كەنت خىزمىتىدە كەنت مالىيىسىنى ئاشكارا تۇتۇش ۋە دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يۈرگۈزۈلۈپ، ئاشكارىلاش شەكلى ۋە مەزمۇنى ئۆلچەملەشتۈرۈلۈپ، ئاشكارا تۇتۇشنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىگە ئەھمىيەت بېرىلدى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئۈستىگە ئالغان ھەر تۈرلۈك چىقىمنىڭ تۈرنامى، باشقۇرغان ئورۇن، پۇل يىغىش ئۆلچىمى، ئىسپاتى، يۈرگۈزۈش دائىرىسى، ئۈستىگە ئالغان ئوبيېكتى ۋە يىغىش، تاپشۇرۇش ئەھۋالى ئاشكارىلاشتۇرۇلۇپ، سېلىقنى يەڭگىللىتىش خىزمىتىنىڭ ئېنىقلىقى ئۆستۈرۈلدى. نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدا مالىيىنى ئاشكارىلاشتۇرغان كەنت 93% كە يەتتى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە، 1993-يىلىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايون بويىچە بىكار قىلىنغان ھەر خىل ھەق ئېلىش تۈرلىرى 779 غا، بىكار قىلىنغان ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش پائالىيەتلىرى 25 كە يەتكەن. دېھقانلارغا ئېغىرچىلىق سالىدىغان، قانۇنغا خىلاپ 467 دېلو قاراپ چىقىلغان، ئىنتىزامغا خىلاپ ھالدا يىغىۋېلىنغان 125 مىليون 430 مىڭ يۈەن پۇل ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلىنغان. بۇنىڭ بىلەن، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ جەمئىي 473 مىليون 970 مىڭ يۈەن سېلىقى يېنىكلىتىلگەن.

ئۆتكەن يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سېلىقنى يەڭگىللىتىش خىزمىتىدە پارتىيە 15-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يېزا ئىگىلىك، يېزا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى بويىچە، تۆۋەندىكى 4 مۇھىم نۇقتىنى ياخشى تۇتۇش

گەۋدىلەندۈرۈلدى. بىرىنچى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ مۇۋاپىق سېلىقىغا تۈر ۋە نورما بېكىتىشنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نىسپىي مۇقىملىقىنى ساقلاش، «بېكىتىلگەندىن كېيىن 3 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك» نى ئەمەلدە كۆرسىتىشنى تايانچ نۇقتا قىلىپ، پۈتكۈل ئاپتونوم رايوننىڭ سېلىقنى يەڭگىللىتىش خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇردى؛ ئىككىنچى، يېزىلاردىكى «ئۈچ قالايمىقان»نى مەخسۇس تىزگىنلەش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەر خىل شەكىلدىكى قالايمىقان مەبلەغ توپلاش، مەبلەغ يىغىش، جەرىمانە قويۇش ۋە ئالۋاڭ-ياساقلارنى قەتئىي توسۇش، دېھقانلارنىڭ ئىجتىمائىي سېلىقىنى ھەقىقىي تۈردە يېنىكلىتىش؛ ئۈچىنچى، نۇقتىنى تۇتۇپ، ئومۇمىي دائىرىنى يېتەكلەش ئارقىلىق، «ئۈچ كۆرۈلمەسلىك» نىشانى يەنى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سېلىق تۆلەيدىغان ئېغىر ۋەقە ھەم خەۋپلىك دېلولارنىڭ يۈز بەرمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش؛ ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش رايونىدا بىر تۇتاش تۇتۇپ قېلىش مەبلىغى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئالدىنقى يىللىق كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ 5% تىدىن ئېشىپ كەتكەن كەنتلەرنىڭ كۆرۈلمەسلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش؛ قائىدىگە خىلاپلىق قىلىپ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سېلىقنى ئېغىرلاشتۇرىدىغان تۈرلەرنى چىقارماسلىقنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش؛ تۆتىنچى، سېلىقنى يەڭگىللىتىش سىياسىتىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دېھقانلار كۆڭۈل بۆلىدىغان بىر قىسىم قىزىق نۇقتا، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش. ئۆتكەن يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىدىن 8 نى ئەۋەتىپ مەركەزنىڭ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ سېلىقنى يەڭگىللىتىش سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلغان دېلو ۋە خاتا قىلمىشلارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى ۋە تۈزەتتى. ئاقسۇ ۋىلايىتى ئۆتكەن يىلى ئىككى قېتىم دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى قانۇنىي جەھەتتىن تەكشۈرۈشنى تەشكىللەپ، قانۇنغا خىلاپ 9 دېلونى تەكشۈرۈپ چىقىپ، 9 دېلو تۇرغۇزۇپ، 7 دېلونى ھەل قىلىپ، 5 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى، 2 كىشىگە مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بەردى.

**3. نۆۋەتتە سېلىقنى يەڭگىللىتىش خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان ئاساسىي مەسىلىلەر**

بىرىنچى، 5% دىن ئارتۇق بولغان ئىجتىمائىي سېلىق ئايرىم جايلاردا يەنىلا ناھايىتى كۆرۈنەرلىك بولۇۋاتىدۇ.

(1) مەركەز بىلەن ئاپتونوم رايون بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئەمەلدىن قالدۇرغان ھەق ئېلىش تۈرلىرى ۋە ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش پائالىيەتلىرى ئايرىم جايلاردا يەنىلا يۈرگۈزۈلۈۋاتىدۇ؛ (2) يېزىلاردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە قالايمىقان ھەق ئېلىش مەسىلىسى يەنىلا بىر قەدەر ئېغىر؛ (3) يېزىلاردا گېزىت-ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇشقا مەجبۇرلاش ۋە باشقا باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن ھەق ئېلىش قىلمىشلىرى يەنىلا مەۋجۇت؛ (4) ئىجتىمائىي پاراۋانلىق خاراكتېرىدىكى قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ بېرىشتا ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرمەي ئۆز جايىنىڭ ئىگىلىك شارائىتى ۋە دېھقانلارنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارىدىن ئاشۇرۇۋېتىلىۋاتىدۇ. مەسىلەن: 1993 ـ يىلى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون قارار قىلىپ ئەمەلدىن قالدۇرغان كىنو قويۇش ھەققى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى بىرلىشىپ قوغداش ھەققى بەزى ناھىيە، يېزىلاردا يەنىلا ئېلىنىۋاتىدۇ؛ بەزى جايلاردا سۇ ئىشلىرى تەرەققىيات فوندى، ئورمان يېتىلدۈرۈش فوندى ۋە چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش فوندى يەنىلا ئېلىنىۋاتىدۇ؛ بەزى جايلاردا ئاشلىق پاختا سېتىۋېلىشتا سۇغۇرتا ھەققى تۇتۇپ قېلىنىۋاتىدۇ...

ئىككىنچى، سېلىقنى يەڭگىللىتىش جەھەتتىكى رەھبەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى يېتەرلىك ئەمەس. بىرىنچىدىن، بەزى جايلاردا ئېغىزدا سۆزلەش كۆپ، ئەمەلىي ئىش ئاز بولغانلىقتىن، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى ئېغىرلىتىش قىلمىشلىرى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە كۈچىيىۋاتىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، بەزى ئورۇنلارنىڭ سېلىقنى يەڭگىللىتىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىشى يېتەرسىز، كۈچى ئاجىز بولۇپ، سېلىقنى يەڭگىللىتىش خىزمىتى رەسمىيەتچىلىككە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، دېھقانلار ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەرگە ئەھمىيەت بېرىش يېتەرسىز بولۇپ، بىر ـ بىرىگە دۆڭگەپ، قۇرۇق تاللاش ـ تارتىش قىلىپ، يۇقىرى بەلگىلىگەن ئىشلارنى ۋىلايەت ناھىيىگە، ناھىيە يېزىغا، يېزا كەنتكە ئىتتىرىپ، دېھقانلارنىڭ دەرىجە ئاتلاپ يۇقىرىغا ئەرز قىلىشىنى يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيتىۋاتىدۇ.

ئۈچىنچى، ناھىيە، يېزىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك ئورۇنلاردىكى قىسمەن رەھبىرىي كادىرلار سىياسىي نەتىجىسىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى يالغاندىن مەلۇم قىلىپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى ئېغىرلىتىۋاتىدۇ.

تۆتىنچى، يېزىلاردا «ئىككى ئەمگەك» نى ئىشلىتىش جەريانىدا مەبلەغنى مەجبۇرىي ھالدا ئەمگەكنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش مەسىلىسى

نىسبەتەن گەۋدىلىك بولۇۋاتىدۇ. بەزى جايلار مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن جوغلانما ئەمگەكنى ئىشلىتىشتە بەلگىلىمىگە قاتتىق رىئايە قىلمايۋاتىدۇ. بەزىلىرى مەبلەغنى ئەمگەككە ئالماشتۇرۇشنى بەلگىلەپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقنى ئېغىرلىتىۋاتىدۇ. بەزى يېزىلار 1994 ـ يىلىدىن 1998 ـ يىلىغىچە، كەنتنى ياكى كەنت ئاھالىلىرى كىچىك گۇرۇپپىلىرىنى بىرلىك قىلىپ، مەجبۇرىي ئەمگەككە چىقمىغانلارغا ئەمگەك ئورنىغا مەبلەغ تاپشۇرۇشنى بەلگىلەپ، 5 يىل ئىچىدە 17 كەنتنى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ئەمگەك ئورنىغا 1 مىليون يۈەندىن ئارتۇق ھەق تاپشۇرغۇزغان.

بەشىنچى، يېزىلاردىكى تۈرلۈك قەرز پۇللار دېھقانلارنىڭ سېلىقنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىشتىكى ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. دېھقانلارنىڭ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ خىزمەت ئىستىلىدىكى قوپاللىقىغا ۋە تۈرلۈك سېلىقلارغا بولغان پىكرى كۆپ بولغانلىقتىن، قارشىلىشىش كەيپىياتى تۇغۇلۇپ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى جىددىيلىشىپ، بىر قىسىم دېھقانلارنىڭ مۇۋاپىق بولغان سېلىقلارنىمۇ رەت قىلىشىدەك ئەھۋاللار كېلىپ چىققان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز يېزىلىرىدا توختامنىڭ ئەمەلىيلىشىش نىسبىتى داۋاملىق تۆۋەنلەپ، يۇقىرىسى 80%، تۆۋىنى ئاران 30% بولغان. تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشىمىزچە، قەرز پۇل مەسىلىسى پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدا ئومۇميۈزلۈك ساقلانماقتا، ناھىيىنى بىرلىك قىلغاندا، قەرز پۇل ئومۇميۈزلۈك ھالدا 30 مىليون يۈەندىن 50 مىليون يۈەن ئەتراپىدا بولغان.

ئالتىنچى، دېھقانچىلىق بېجى، دېھقانچىلىق ئالاھىدە مەھسۇلات بېجى قاتارلىق باجلارنى يىغىش داۋامىدا، بەزىلەر باجنى قالايمىقان يىغقان، بەزىلەرنىڭ دېھقانچىلىق بېجىنى يىغىشى تۇراقسىز بولۇپ، مىقدارى يىلدىن ـ يىلغا ئۆسكەن؛ بەزىلەر قالايمىقان باج چېچىپ، ئائىلىسىدە چارۋا باققان ـ باقمىغان، باغدىكى مېۋىلىك كۆچەتلەر مېۋە بەرگەن ـ بەرمىگەنلىكىگە، ساتقان ـ ساتمىغانلىقىغا قارماي دېھقانلاردىن چارۋىچىلىق بېجى، دېھقانچىلىق ئالاھىدە مەھسۇلات بېجىنى يىغىۋەرگەن.

**4. دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىشكە دائىر تۈرلۈك سىياسەتلەرنى شەرتسىز ھالدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك**

بىرىنچى، يېزىلارغا قارىتىلغان سىياسەت، قانۇن ـ نىزاملارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ تېزلىتىش كېرەك. يېزىلارغا قارىتىلغان سىياسەت، قانۇن ـ نىزاملارنىڭ تەشۋىقات سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى قانۇن ـ نىزام ۋە سىياسەت جەھەتتە قەرەللىك تەربىيىلەپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سىياسىي كۆز قارىشى ۋە قانۇن ئېڭىنى كۈچەيتىپ، سىياسەت سەۋىيىسى ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئىككىنچى، بىر تۇتاش يىغما قالدۇرۇقتىن باشقا سېلىقلارنى قاتتىق كونترول قىلىش كېرەك. دېھقان، چارۋىچىلار مەبلەغ چىقىرىش، ئەمگەك كۈچى چىقىرىشتا تېگىشلىك بولغان تۈرلۈك قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى قەتئىي ھالدا كەم مەنپەئەتلەنسە شۇ مەبلەغ سېلىش ۋە مادارىغا قاراپ ئىش قىلىش پرىنسىپى بويىچە كەنت ئاھالىلىرى چوڭ يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىش كېرەك. پەقەت سىياسىي نەتىجىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، سىياسەتكە سەل قارايدىغان، سېلىقنى دېھقان، چارۋىچىلارغا مەجبۇرىي ئاڭدىغان خاتا قىلمىشلارنى تۈزىتىش كېرەك.

ئۈچىنچى، يېزىلاردىكى تۈرلۈك ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش پائالىيەتلىرىنى قاتتىق قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك. دېھقانلار ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى ۋە ماددىي كۈچ چىقىرىشقا تېگىشلىك بولغان تۈرلۈك ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش پائالىيەتلىرى ۋە باھالاپ سېلىشتۇرۇش، تەكشۈرۈش، ئۆتكۈزۈۋېلىشلارنى قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك.

تۆتىنچى، دېھقانچىلىق بېجى يىغىشقا دائىر قانۇن ـ نىزام، سىياسەتلەرنى قەتئىي ئىجرا قىلىش كېرەك. دېھقانچىلىق بېجىنى ياز، كۈز ئىككى پەسىلدە يىغىش كېرەك، ئالدىن يىغىشقا بولمايدۇ.

بەشىنچى، قالدۇرۇق، بىر تۇتاش يىغمىنى يىغىش مىقدارىنى قاتتىق كونترول قىلىش كېرەك. بۇ يىلقى «ئۈچ قالدۇرۇق»، «بەش بىر تۇتاش يىغما»نى چوقۇم بۇ يىلقى كىرىم بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ھەققىي ئېنىقلەن، مۇۋاپىق يىغىش كېرەك.

ئالتىنچى، بارلىق قالايمىقان ھەق ئېلىش، مەبلەغ توپلاش، جەرىمانە قويۇش ۋە تۈرلۈك ئالۋاڭ ـ سېلىقلارنى قەتئىي چەكلەش كېرەك. قانۇنسىز يىغىۋېلىنغان پۇل ۋە مۈلۈكلەرنى دېھقانلارغا قەتئىي قايتۇرۇش كېرەك.

(06)

# بىز پارتىيە قۇرۇلۇشىنى قانداق تۇتتۇق؟

ئادىل ئابلىقۇراخمان

پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى مەن ئۈچۈن يات كەسىپ ئەمەس. چۈنكى مەن تەشكىلات ـ كادىرلار تارمىقىدا 12 يىل خىزمەت قىلىش جەريانىدا ئورگان، كارخانا ۋە يېزا قىشلاق ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ تۇرغان. 1996 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تەشكىلنىڭ قارارى بىلەن تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىدىن ۋىلايەتلىك تاشقى سودا شىركىتىگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم ۋە بۇ ھەقتە ئاز ـ تولا ئىزدەندىم.

باش شىركىتىمىزدە 5 تارماق شىركەت، 3 بۆلۈم، 22 نەپەر پارتىيە ئەزاسى بار. 22 نەپەر پارتىيە ئەزاسىنىڭ 12 نەپىرى بىر يىلنىڭ 4 پەسلى دېگۈدەك چەت ئەللەردە تاشقى سودا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. شۇڭا شىركەت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ئەڭ زور باش قېتىنچىلىقى نورمال ياچېيكا تۇرمۇشى ئۆتكۈزۈش ئىكەن. شىركەتكە يۆتكىلىپ بارغان دەسلەپكى 3 ئاي ئىچىدە ئاران ئىككىلا قېتىم ياچېيكا تۇرمۇش يىغىنى ئېچىلدى. شۇنداقتىمۇ پارتىيە ئەزالىرى تولۇق ئەمەس ئىدى.

ئىلگىرى ئورگاندا خىزمەت قىلىپ يۈرگەن چاغلىرىمدا ھەر ھەپتىسى ياچېيكا تۇرمۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەشكىلات بۆلۈمىدە خىزمەت قىلغاچقا، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ تۇرمۇش يىغىنىغا قاتنىشىپ تۇراتتىم. كەسپىي ئادەتنىڭ تۈرتكىسىدىن بولسا كېرەك، بىر كۈنى شىركەت پارتىيە ياچېيكا شۇجىسىدىن:

ـ ياچېيكا تۇرمۇشى ئەجەپ ۋاقتىدا ئۆتكۈزۈلمەيدىكەنغۇ، بۇ قانداق بولغىنى؟ ـ دەپ سورىدىم.

ـ سىز يېڭىدىن كەلدىڭىز، تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇنى يۇقىرىنىڭ تەلىپى بويىچە بىر قېلىپقا سېلىش بىزگە ئۇنچىۋالا ئاسانغا چۈشمەيدۇ. ياچېيكا تۇرمۇشى ئۆتكۈزمەيمىز ئەمەس، ئۆتكۈزمەك تەس. مانا قاراڭ بۇ ھەپتىدە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ 8 ى چەت ئەلگە چىقىپ كەتتى. 3 ى ئىچكىرىگە مال يۆتكىگىلى كەتتى؛ ئىككىسى ئالاتاۋ چېگرا پورتىدا مال كىرگۈزۈۋاتىدۇ. يەنە بەشەيلەن باقتۇ چېگرا پورتىدا مال كىرگۈزۈش ـ چىقىرىش بىلەن ئالدىراش. ئۇلار ئىش ئورنىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياچېيكا ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سىرتتا. قالغان بىر نەچچە پارتىيە ئەزاسىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ قويدۇم.

ياچېيكا شۇجىسى باش قېتىنچىلىقىنى بىر مۇنچە سۆزلەپ دەردىنى تۆكۈپ بەردى ۋە ئاخىرىدا چاقچاق ئارىلاش:

ـ سىز تەشكىلات بۆلۈمىدە ئۇزۇن يىل ئىشلىدىڭىز، تاشقى سودىدا بىز كەسىپ ئەھلى، پارتىيە قۇرۇلۇشىغا كەلگەندە سىز كەسىپ ئەھلى، بۇ مەسىلىنى قانداق ھەل قىلساق بولار؟ قېنى سىز بىر نېمە دەپ بېقىڭە، ـ دېدى.

ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، دۆلەتكە بايلىق يارىتىش تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن كارخانا پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويۇشقا، پارتىيە ئەزالىرىغا بولغان تەلىم ـ تەربىيىنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايتتى. شۇڭا پارتىيە ياچېيكا ھەيئىتى قايتا ـ قايتا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تەڭ چىڭ تۇتۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىش پرىنسىپى بويىچە كارخانىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ ياخشى ئېلىپ بېرىشنى خىزمىتىمىزنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلدۇق. بۇ ھەقتە ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى ۋە ۋىلايەتلىك تاشقى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسى بىلەن پىكىر ئالماشتۇردۇق. پارتىيە ياچېيكىمىز قايتا ـ قايتا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش ئارقىلىق، كارخانىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس



كېلىدىغان بىر يۈرۈش قائىدە - تۈزۈم تۇرغۇزۇپ، تاشقى سودا كارخانا پارتىيە قۇرۇلۇشىدا بەزىبىر تەجرىبىلەرنى ھاسىل قىلدۇق.

**1. پارتىيە ئەزالىرىغا بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكنى قوغداش تەربىيىسىنى چىڭ تۇتتۇق**

شىركىتىمىزنىڭ چەت ئەللەرگە چىقىپ تاشقى سودا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى پارتىيە ئەزالىرى بولۇپ، ئۇلار خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن دائىم چەت ئەللەرگە چىقىپ تۇرىدۇ. بەزىلەرنىڭ چەت ئەلدە تۇرىدىغان ۋاقتىمۇ ئۇزۇنراق بولىدۇ. مۇشۇ ئالاھىدىلىككە ئاساسەن ياچېيكىمىز پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتىلغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنى ياچېيكا تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى قاتارىدا چىڭ تۇتتۇق. چۈنكى تاشقى سودا خادىملىرى ۋەتەنگە، مىللەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ چەت ئەلدىكى ھەر بىر سۆز - ھەرىكىتى دۆلىتىمىزنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشقى سودا خادىملىرىمىزنىڭ كەسپىي ئالاقە ئوبيېكتى ئاساسەن چەت ئەللىكلەر. شۇ سەۋەبتىن ياچېيكىمىز پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتا ئېلىپ بېرىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكى تەربىيىسىنى ياچېيكا خىزمىتىنىڭ مۇھىم خىزمەت تەركىبىگە كىرگۈزۈپ، بۇ ھەقتە كونكرېت قائىدە - تۈزۈملەرنى بېكىتتۇق. مەسىلەن: شىركىتىمىزنىڭ چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى ئورنىتىپ، تاشقى سودا خادىملىرىمىزدىن چەت ئەلدە تۇرغان مەزگىلدە ۋەتەنىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلاش، دۆلەت ۋە كارخانىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش، تاشقى ئىشلار ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىشنى تەلەپ قىلدۇق، شۇنداقلا ئۇلار ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ياچېيكىغا ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى دوكلات قىلىش تۈزۈمىنى بېكىتتۇق. ياچېيكا ئۇزۇن ۋاقىت چەت ئەلدە خىزمەت قىلىدىغان پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتا ئۆزگىچە تەربىيە ئېلىپ باردى. يەنى قەرەلسىز تۈردە ئۇلارنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرى ھەمدە يۇقىرىنىڭ يوليورۇقلىرىنى يەتكۈزۈپ تۇردى. تاشقى ئىشلار ۋە دۆلەت بىخەتەرلىك تارماقلىرى بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، ئۇلارغا قارىتا تاشقى ئىشلار ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكى تەربىيىسىنى كۈچەيتتى.

پارتىيە ياچېيكىمىز بۇ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتا ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكى تەربىيىسىنى جانلىق ۋە ئۈنۈملۈك ئېلىپ بارغانلىقتىن، شىركىتىمىزدىكى پارتىيە ئەزالىرى ئىچىدە تاشقى ئىشلار ئىنتىزامىنى بۇزىدىغان، دۆلەتنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان، دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلايدىغان قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلار سادىر بولماي، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئامما ئارىسىدىكى ئاۋانگارتلىق ۋە باشلامچىلىق رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى.

پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ئۈنۈملۈك يېتەكلىشى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئەمۈنىلىك رولىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە، شىركىتىمىز 1996 - يىلدىن بۇيان ئۇدا ئاپتونوم رايون بويىچە 10 ئىلغار تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ بىرى، ۋىلايەت بويىچە ئىمپورت - ئېكسپورت ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنداپ كېلىۋاتقان ئالدىنقى قاتاردىكى تاشقى سودا - چېگرا سودا كارخانىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ باھالىنىپ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەقدىرلىشى ۋە ماختىشىغا ئېرىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

**2. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى كۈچەيتتۇق**

شىركىتىمىزنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 12 مىللەتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، شىركەت قۇرۇلغان 46 يىلدىن بۇيان نەچچە ئەۋلاد ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىجىل - ئىناق ياشاپ، جاپالىق ئىگىلىك يارىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى ياراتقان. ھازىرقى ئىشچى - خىزمەتچىلەرمۇ بۇ ئېسىل ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ جەھەتتە شىركەت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سىڭدۈرگەن ئەجرى ئاز بولمىدى. مەسىلەن، شىركەت پارتىيە ياچېيكىسى پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئەنئەنە تەربىيىسى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش تەربىيىسىنى ئىزچىل تۈردە بوشاشتۇرماي ئېلىپ باردى. بولۇپمۇ ياش ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە قارىتا ماركسىزملىق مىللەت قارىشى تەربىيىسى نۇقتىلىق ئېلىپ بېرىلدى. پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ چەت ئەلدە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا ئېلىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نەتىجىلىرىنى ئامما ئارىسىدا تەشۋىق قىلدى. پارتىيە ئەزالىرى مەيلى چەت ئەلدە بولسۇن ياكى ۋەتەندە بولسۇن ئاڭلىق تۈردە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان خاتا سۆز - ھەرىكەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇردى. بولۇپمۇ چەت ئەلدە ئۇزۇن ۋاقىت خىزمەت قىلىدىغان ھەر مىللەتتىن تەركىب تاپقان پارتىيە ئەزالىرى ۋە تاشقى سودا خادىملىرى ئۆز ئارا زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، بىر - بىرىنى قوللاپ، دوستلۇق ئىشەنچىسىنى ئورناتتى. بىر - بىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلدى.

مەسىلەن، 1999 - يىلى روزا ھېيتنى مەن 2 نەپەر خەنزۇ خىزمەتدىشىم بىلەن قازاقىستاننىڭ شەمەي شەھىرىدە ئۆتكۈزدۈم. خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ھېيتتا ۋەتەنگە قايتالمىغانلىقىمدىن كۆڭلۈم تولىمۇ يېرىم بولدى. كەچقۇرۇنلۇقى ياتاققا قايتىپ كەلسەم خەنزۇ خىزمەتداشلىرىم ئۈستەلگە يەل - يېمىش، تاتلىق تۈرۈملارنى تىزىپ مېنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار مېنى روزا ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن قىزغىن تەبرىكلەشتى. چەت ئەلدە ئۆتكۈزگەن شۇ قېتىمقى روزا ھېيت ھايا

تىمدا ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قالدۇردى.

چەت ئەلدە خىزمەت قىلىۋاتقان تاشقى سودا خادىملىرىمىز تۇرمۇشتا، خىزمەتتە قىيىنچىلىققا، پىشكەللىككە يولۇققاندا ئۆز ئارا قېرىنداشلارچە ياردەمدە بولۇپ، بىرىنىڭ ھالىغا بىرى يەتكەنلىكىدەك تەسىرلىك ئىشلار شىركىتىمىزدە ناھايىتى كۆپ.

پارتىيە ئەزالىرىنىڭ نەمۇنىلىك رول ئوينىشىنىڭ نەتىجىسىدە، شىركەت ئائىلىكلەر قورۇسى دوستلۇق ئائىلىسىگە ئايلىنىپ چۆچەك شەھىرى بويىچە مەدەنىيەتلىك ئائىلىلىكلەر قورۇسى دېگەن شەرەپكە ئېرىشتى.

**3. پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتا جانلىق ۋە ئۈنۈملۈك بولغان ياچېيكا تۇرمۇشى تۈزۈمىنى بېكىتتۇق**

تاشقى سودا كارخانىلىرىدا ياچېيكا تۇرمۇشىنى باشقا ئورگان ياكى كارخانىلاردىكىگە ئوخشاش قەرەللىك ئۆتكۈزگىلى بولمايدۇ. پارتىيە ياچېيكىسى شىركىتىمىزنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ ھەم خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزمەيدىغان، ھەم پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆگىنىشىنى ئاقسىتىپ قويمايدىغان بىر يۈرۈش ئۈنۈملۈك ۋە جانلىق ئۆگىنىش تۈزۈمىنى بېكىتتى. مەسىلەن، ھەر جۈمە كۈنى چۈشتىن كېيىن ھەر قايسى ئورگانلاردىكى پارتىيە ياچېيكىلىرى بەلگىلىمە بويىچە خىزمەتنى توختىتىپ ياچېيكا تۇرمۇشى ئۆتكۈزىدۇ. لېكىن دەل مۇشۇ مەزگىل شىركىتىمىزنىڭ ئەڭ ئالدىراش خىزمەت ۋاقتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئېكسپورت ماللىرىنى جۈمە كۈنى چۈشتىن كېيىن چېگرا ئېتىلىشتىن ئىلگىرى چىقىرىۋەتمىگەندە قارشى تەرەپنىڭ يۈك ئاپتوموبىللىرى دۈشەنبە كۈنى چېگرا ئېچىلغۇچە چېگرادىن چىقالماي تۇرۇپ قالىدۇ -دە، شىركىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي چىقىمى ئېشىپ كېتىدۇ، يەنى چېگرىدىن ۋاقتىدا چىقالماي قالغان يۈك ئاپتوموبىللىرىغا ئىسكىلاتتا تۇرۇش، يۈك ساقلاش ھەققى تۆلەشكە، چەت ئەللىك سودا خادىملىرى ۋە شوپۇرلارنى مېھمانخانىدا ياتقۇزۇشقا، ئۇلارنى 3 كۈن ئارتۇق بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. مانا مۇشۇ ئالاھىدىلىككە ھەمدە شىركىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، شىركەت پارتىيە ياچېيكىسى ياچېيكا تۇرمۇشىنى ئاساسەن شەنبە كۈنلىرى ياكى ھېيت ـ بايرام، خاتىرە كۈنلىرى سەۋەبلىك چېگرا ۋاقىتلىق ئېتىلگەن كۈنلەرگە ئورۇنلاشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن ھەم خىزمەتكە، ھەم ئۆگىنىشكە تەسىر يەتمىدى، ئۈنۈمىمۇ ياخشى بولدى.

**4. سىياسىي ئۆگىنىش بىلەن قانۇن ئۆگىنىشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈپ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سىياسىي، قانۇن ۋە كەسپىي قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشنى تەڭ تۇتتۇق**

پارتىيە ياچېيكىسى تاشقى سودا خىزمىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، پارتىيە ئەزالىرىنى سىياسىي ئۆگىنىشكە تەشكىللەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنى يەنە كەسپىي خىزمەتكە مۇناسىۋەتلىك بولغان «تاشقى سودا قانۇنى»، «شىركەت قانۇنى»، «توختام قانۇنى»، «ھەق تەلەپ قانۇنى»، «دۆلەت بىخەتەرلىك قانۇنى»، «چېگرىدىن كىرىپ، چىقىشنى باشقۇرۇش مىزانى» قاتارلىق قانۇن ـ مىزانلارنى نۇقتىلىق ئۆگىنىشكە ۋە مۇزاكىرىگە تەشكىللەپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ قانۇن ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش ئېڭىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولدى. پارتىيە ياچېيكىسى يەنە دائىم چەت ئەلگە چىقىپ تۇرىدىغان پارتىيە ئەزالىرىغا ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان دۆلەتنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرىگە ئاڭلىق رىئايە قىلىشنى، شۇ دۆلەتتىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىشنى، شۇ ئارقىلىق جۇڭگولۇقلارنىڭ چەت ئەللىكلەر ئالدىدىكى ياخشى ئوبرازىنى تىكلىشى ۋە ساقلىشى ھەققىدىكى تەلىم ـ تەربىيىنى كۈچەيتتى.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىنىڭ پارتىيە بېلىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان قازاقىستانلىق بىر كەسىپدىشىمىز مۇنداق دېگەن ئىدى: ـ جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرى يارايدۇ. سىلەر كوممۇنىستلار ھەر ۋاقىت ئۆز ئېلىڭلارنىڭ غېمىنى يەيسىلەر، سىلەر بىلەن سودا ئالاقىسى ئورناتقىنىمىغا 5 ـ 6 يىل بولۇپ قالدى، سىلەر شىركىتىڭلارنىڭ قازاقىستاندىكى ئابرۇيىنى ساقلاپ كېلىۋاتىسىلەر، سودىدا ئالا كۆڭۈللۈك قىلمايسىلەر. مەنمۇ ئىلگىرى سىلەرگە ئوخشاش كوممۇنىست ئىدىم، گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغان بولسىمۇ، بىراق كوممۇنىزمغا بولغان ئېتىقادىم يوقالغىنى يوق. سىلەرگە ئوخشاش كوممۇنىست سودىگەرلەر بىلەن تاشقى سودا ئالاقىسى ئېلىپ بارسام ھەر ۋاقىت خاتىرجەم بولىمەن. چۈنكى كوممۇنىستلار گېپىدە تۇرىدىغان ئەڭ ئىشەنچلىك كىشىلەر.

پارتىيە ياچېيكىسى شىركىتىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، ياچېيكا تۇرمۇشىنى جانلىق، ئۈنۈملۈك ئېلىپ بارغان يېقىنقى 3 يىلدىن بۇيان، شىركەتتىكى پارتىيە ئەزالىرى نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رول ئويناپ ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشۇپ، ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە.

دېمەك ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشتا، ئۆز ئورنىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، جانلىق، ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنى قوللانغاندىلا پارتىيە قۇرۇلۇشىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتقىلى، ياچېيكا تۇرمۇشىنى تېخىمۇ جانلاندۇرغىلى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈپ كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. مانا بۇ پارتىيە ياچېيكىمىزنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى ئەمەلىيىتى جەريانىدا يەكۈنلىگەن تەجرىبىسى. (04)

**ئاسانا فوتوسى**



# ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى، كادىرلار ئىشلىرى مىنىستىرلىكى، مەركىزىي شتات كومىتېتى ئىشخانىسى، مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ يېزا ئاساسىي قاتلام خىزمەتكە ئەۋەتىشكە ئائىت مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى

م ك (1999) 67 - نومۇر

1. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ يېزىلارغا ياردەم بېرىش، مائارىپقا ياردەم بېرىش، تىببىي ساھەگە ياردەم بېرىش، نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش ياكى كارخانىلاردا چېنىقىشقا بېرىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ يېزا ئاساسىي قاتلام خىزمەتكە قاتناشتۇرۇش - ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى ئېچىپ بېرىپ، يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، كادىرلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش، ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەر دەرىجىلىك تەشكىلات بۆلۈملىرى، كادىرلار ئىشلىرى تارماقلىرى بۇ خىزمەتكە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەمەلىي، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تاللاش، باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك شتات، مالىيە تارماقلىرى زۆرۈر بولغان شەرتلەرنى ھازىرلاپ، بۇ خىزمەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى لازىم.

2. تاللاش ئوبيېكتى شۇ يىلدىكى ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەكتەپلەرنى پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلار بولۇشى، كەسپى چەكلەنمەسلىكى لازىم. تاللاش شەرتى: ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان بولۇش، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيىدىغان بولۇش، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ھىمايە قىلىدىغان بولۇش، ئىستىلى دۇرۇس، تەشكىللەش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولۇش، يېزا ئاساسىي قاتلام خىزمىتىنى قىزغىن سۆيىدىغان بولۇش، تېنى ساغلام بولۇش لازىم. پارتىيە ئەزاسى، ئوقۇغۇچىلار كادىرلىرى، «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» دېگەندەك شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشكەن ئوقۇغۇچىلارنى ئالدىن تاللاش لازىم.

3. خىزمەت تاللاشتا ئادىل بولۇش، باراۋەر مۇئامىلە قىلىش، رىقابەتلىشىش، ياخشىلىرىنى ئالدىن تاللاش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئۆز ئىختىيارى بىلەن تىزىمغا ئالدۇرۇش، مەكتەپ كۆرسىتىپ بېرىش، تەشكىلات، كادىرلار تارماقلىرى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ تەستىقلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. ۋاقتىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا، ئادەتتە 7 - ئايدا تىزىمغا ئالدۇرۇشقا تەشكىللەپ، 8 - ئايدا ئىمتىھان ئېلىپ، 9 - ئايدا ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى بېكىتىلگەن ئورۇنغا بارسا بولىدۇ. يولغا قويۇشنىڭ كونكرېت ئۇسۇلىنى ھەر قايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، كادىرلار ئىشلىرى تارماقلىرى مەسئۇل بولۇپ بېكىتىدۇ.

4. ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېزىلارغا بېرىپ چېنىقىش ۋاقتى ئادەتتە 2 يىلدىن 3 يىلغىچە بولىدۇ. جايلار ئۇلارنى يېزا، بازارلىق ھۆكۈمەت، كەنت ئاھالىلەر

كومىتېتى، يېزا، كەنتلەردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر، يېزا، كەنتلەردىكى دوختۇرخانىلار، يېزا، بازار كارخانىلىرىغا بېرىپ يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش، مائارىپقا ياردەم بېرىش، تىببىي ساھەگە ياردەم بېرىش، نامراتلارغا يار-يۆلەكتە بولۇشقا نۇقتىلىق ئورۇنلاشتۇرۇشى لازىم.

5. ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارخىپى، نوپۇسى، مائاشىنى ناھىيە دەرىجىلىك كادىرلار تارماقلىرى باشقۇرىدۇ، ئۇلار شۇ جاينىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرىدىكى تەڭ دەرىجىدىكى خادىملارنىڭ مائاشى، پاراۋانلىق مۇئامىلىلىرىدىن ئوخشاش بەھرىمەن بولىدۇ. ناھىيە دەرىجىلىك تەشكىلات بۆلۈملىرى، كادىرلار ئىشلىرى تارماقلىرى ئۇلار ئۈستىدە قەرەللىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشى تەلەپ قىلىنىدۇ، 2 ـ 3 يىل چېنىققاندىن كېيىن، ئىمتىھان، تەكشۈرۈشلەردە لاياقەتلىك بولغانلىرى ئىدارە ـ ئورگانلارغا خىزمەتكە قوبۇل قىلىنىپ، يېزا بازارلارنىڭ ئورگانلىرىغا نۇقتىلىق تولۇقلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئالاھىدە ئىلغارلىرى يېزا، بازارلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرىگە تاللاپ كىرگۈزۈلىدۇ. چېنىقىش جەريانىدا بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىقتىسادىي گەۋدە ۋە كارخانىلارنى قۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىپ، ئۇلارنى يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي خىزمىتىگە ئۇزۇن مۇددەت كىرىشىشكە رىغبەتلەندۈرۈش لازىم.

6. ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ يېزا ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ چېنىقىدىغان ئوقۇغۇچىلار 45 مىڭ بولۇپ، 3 يىل ئىچىدە تاماملىنىدۇ. ئېھتىياجلىق شتاتنى ئۆلكە دەرىجىلىك شتات تارماقلىرى شۇ ئۆلكىدىكى شتات ئومۇمىي سانى ئىچىدىن ھەل قىلىدۇ. چېنىقىش مەزگىلىدىكى مائاشى، پاراۋانلىق مۇئامىلىلىرىگە كېتىدىغان راسخوتنى ناھىيە دەرىجىلىك مالىيە تارماقلىرى ئۈستىگە ئالىدۇ. جايلار ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلارنى باشقا شەكىل، يوللار ئارقىلىق ئاساسىي قاتلاملارغا چېنىقىشقا ئەۋەتىش خىزمىتىنى ئىشلىمەكچى بولسا، بۇ يەنىلا شۇ جاينىڭ مۇناسىۋەتلىك سىياسەت ـ بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ، يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش، مائارىپقا ياردەم بېرىش، سەھىيىگە ياردەم بېرىش، نامراتلارغا يار ـ يۆلەكتە بولۇشقا ئەۋەتىش خىزمىتى سىياسەتچانلىقى كۈچلۈك، چېتىشلىق دائىرىسى كەڭ خىزمەت، جايلار، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك تەشكىلات، كادىرلار ئىشلىرى تارماقلىرى، شتات كومىتېتى، مالىيە تارماقلىرى بۇ خىزمەتكە يېقىندىن ماسلىشىپ، ئۇنى ئەستايىدىل ئورۇنلاشتۇرۇپ، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللىشى ۋە چىڭ ھەم ياخشى تۇتۇشى لازىم. (05)

(گۇاڭدۇڭ «ياچېيكا تۇرمۇشى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىل 9 ـ سانىدىن)

## مېيىپلار ئىشقا ئورۇنلىشىشتا قايسى سىياسەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ؟

پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز مېيىپلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ئەزەلدىن يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇلارنى قوغداپ كەلدى. ھازىر بار بولغان سىياسەتلەر مېيىپلارنى ئىشقا ئورۇنلىشىشتا قانۇنىي ئاساس ۋە پۇرسەت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

1. مېيىپلار ساغلام كىشىلەرگە ئوخشاش ئەمگەك قىلىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. دۆلىتىمىز ۋە جەمئىيىتىمىزنىڭ مېيىپ پۇقرالارنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىش مەسئۇلىيىتى بار. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ «ئاساسىي قانۇنى»، «ئەمگەك قانۇنى» قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك قانۇن-نىزاملىرىدا ئېنىق بەلگىلەنگەن.

2. مېيىپلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا، مەركەزلىك ئورۇنلاشتۇرۇش، تارقاق ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئۆزى خىزمەت تېپىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىشقا بولىدۇ. دۆلەت كارخانىلىرى ئۆز كارخانىسىنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ ئىشلەۋاتقان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 1.7% لىك نىسبىتى بويىچە مېيىپلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولىدۇ، ئورۇنلاشتۇرغان نىسبەت بەلگىلەنگەن نىسبەتكە يەتمىسە كەم سانىغا قاراپ مېيىپلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش فوندىنى تاپشۇرسا بولىدۇ.

3. ئادەم ئىشلەتكەن ئورۇن بىلەن مېيىپ كىشى قوش يۆنىلىشلىك تاللاش ئارقىلىق ئىشچى قوبۇل قىلىش، تەكلىپ بىلەن ئىشلىتىش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ، ئەمگەك توختامنامىسى ئىمزالاپ، ئەمگەك يوقلىمىسى قىلغىنىغا ۋە مائاش بەرگىنىگە ئۇدا 6 ئايدىن ئاشقان بولسا، ئۇنى شۇ ئورۇننىڭ مېيىپلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نىسبەت سانىغا كىرگۈزۈشكە بولىدۇ، خىزمەت قىلمىغان، ئىش ئورنىدا بولمىغانلار بۇ نىسبەتكە كىرگۈزۈلمەيدۇ.

4. مېيىپ دېگەن باھالاشقا باشقىچە پىكرى بارلار ئۆز ئورنى قاراشلىق رايون، ناھىيىلەردىكى ئالاقىدار تارماقلارغا بېرىپ قايتا تەكشۈرۈشنى ئىلتىـ

ماس قىلىشقا بولىدۇ.

5. ئادەتتىكى ئەھۋالدا مېيىپلارنى ئىش ئورنىدىن قېلىشقا ئىمكانقەدەر ئورۇنلاشتۇرماسلىق كېرەك.

6. تەبىئىي مېيىپ بولغان بولسا، تېببىي يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇ. باھالاشتا 1 ـ دەرىجىلىكتىن 4 ـ دەرىجىلىككىچە بېكىتىلگەنلەر ئەمگەك ئورنىدىن چېكىنىپ چىقىپ، ئەمگەك توختامنامىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ياكى بىكار قىلىپ، پېنسىيىگە چىقىش رەسمىيىتىنى ئۆتىسە بولىدۇ؛ باھالاشتا 5 ـ دەرىجىلىكتىن 10 ـ دەرىجىلىككىچە بېكىتىلگەنلەرنىڭ داۋالىنىش مەزگىلىدە ئەمگەك توختامنامىسىنى بىكار قىلىشقا بولمايدۇ. داۋالىنىش مەزگىلى توشقاندىن كېيىنمۇ ساقايمىغانلارنىڭ ئەمگەك توختامنامىسىنى بىكار قىلىپ، ئۇنىڭغا مەلۇم ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشكە بولىدۇ. ئىش ئۈستىدە مېيىپ بولۇپ قالغان بولسا يېڭى ئىجتىمائىي كاپالەت قانۇن ـ قائىدىلىرى بەرپا قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئەمگەك توختامى مۇددىتى توشقان بولسىمۇ ئەمگەك توختامىنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ.

7. مېيىپ ئىشچى ـ خىزمەتچى ئەمگەك تەكشۈرۈپ باھالاشتا ئەسلىدىكى خىزمىتىنى ئىشلىيەلمەيدۇ، دەپ بېكىتىلگەن، شۇنداقلا ئادەم ئىشلەتكەن ئورۇن باشقىدىن ئورۇنلاشتۇرغان خىزمەتنىمۇ ھۆددىسىدىن چىقالمىغانلىرىنىڭ ئەمگەك توختامىنى بىكار قىلىشقا بولىدۇ. ئەمگەك توخامىنى تۈزۈشتە ئاساس قىلىنغان ئوبيېكتىپ ئەھۋالدا ئىنتايىن زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، ئەسلىدىكى ئەمگەك توختامىنى ئىجرا قىلىشقا ئىمكانىيەت يار بەرمىگەن بولسا، ئالاقىدار كىشى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئەمگەك توختامىنى ئۆزگەرتمەي كېلىشىم تۈزۈشكە بولىدۇ، ئادەم ئىشلەتكەن ئورۇن ئىقتىسادىي جەھەتتىن تولۇقلىما ھەق بېرىپ، ئەمگەك توختامىنى بىكار قىلىدۇ.

8. ئادەم ئىشلەتكەن ئورۇن بىلەن مېيىپ كىشى ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى ئاخىرلاشتۇرغان، بىكار قىلغاندىن كېيىن، مېيىپ كىشىنىڭ نوپۇسى قاراشلىق رايون (ناھىيە)لەردىكى ئەمگەك تارماقلىرىغا بېرىپ ئارخىپىنى يۆتكەش رەسمىيىتىنى بېجىرىش ھەمدە ئارخىپنى مېيىپ كىشىنىڭ نوپۇسى قاراشلىق مەھەللە (يېزا، بازار)لاردىكى مېيىپلارنى باشقۇرۇش ئورنىغا يەتكۈزۈپ بېرىش لازىم. ئادەم ئىشلەتكەن ئورۇن بەلگىلىمە بويىچە شۇ كىشىگە ئىشسىزلىق قۇتقۇزۇش پۇلى بېرىدۇ.

مېيىپ كىشى ئىش ئورنىنى قەدىرلىشى شۇنداقلا مېيىپلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا «مۇقىم ئىشچى» لارنى ئورۇنلاشتۇرۇش تۈزۈمى بىلەن ئوخشاش دەپ چۈشەنمەسلىكى لازىم. ئەمگەك توختامىدىكى قانۇن ـ قائىدىلەر ئۇنىڭ دائىرىسىدىكى ھەر قانداق ئەمگەكچىگە ئوخشاشلا ماس كېلىدۇ، ھېچكىم بۇنىڭدا ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. (05)

(«تەشۋىقات قوللانمىسى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىلى 21 ـ سانىدىن)

## ئۆي ـ زېمىن جەھەتتە ئېتىبار بېرىش سىياسىتى تۈزۈپ چىقىلدى

گوۋۇيۈەنىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن مالىيە مىنىستىرلىكى، دۆلەت باش باج ئىدارىسى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، 1999 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ئۆي ـ زېمىن بازىرىدىكى تىجارەت بېجى، يەر خېتى بېجى، يەر قوشۇلما قىممەت بېجى قاتارلىقلاردا كېمەيتىش ياكى كەچۈرۈم قىلىش سىياسىتىنى يولغا قويۇشنى بەلگىلىدى.

بۇ خىل باجدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتى ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: 1. شەخسلەر سېتىۋالغان ھەم ئولتۇرغىنىغا بىر يىلدىن ئاشقان ئادەتتىكى ئۆيلەرنى ساتقاندا تىجارەت بېجى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ؛ شەخسلەر سېتىۋالغان ھەم ئولتۇرغىنىغا بىر يىل توشمىغان ئادەتتىكى ئۆيلەرنى ساتقاندا، ئەسلىدىكى باھا بويىچە سېتىۋالغاندىن كېيىنكى پەرقلىق سومما بويىچە ھېسابلاپ تىجارەت بېجى ئېلىنىدۇ. شەخسلەر ئۆزلىرى سېلىپ ئولتۇرۇۋاتقان تۇرالغۇ ئۆيلەرنى ساتقاندا تىجارەت بېجى ئېلىش كەچۈرۈم قىلىنىدۇ؛ شەخسلەر ئۆزلىرى سېتىۋېلىپ ئولتۇرۇۋاتقان ئادەتتىكى تۇرالغۇ ئۆيلەردىن ۋاقىتىنچە يەر خېتى بېجى يېرىم باھا بويىچە ئېلىنىدۇ؛ كارخانا، مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئولتۇراق ئۆي ئىسلاھاتىدىكى تەننەرخ باھا ئۆلچەملىك باھا بويىچە ساتقان ئۆيلىرىدىن تىجارەت بېجى ئېلىش ۋاقىتىنچە كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. 2. سېتىلماي بىكار تۇرۇپ قالغان تاۋار ئۆيلەرنى ساتقاندا تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك تىجارەت بېجى، يەر خېتى بېجى ئېلىش 2000 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. بىكار تۇرۇپ قالغان تاۋار ئۆيلەر 1998 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن بۇرۇن پۈتۈپ تېخىچە سېتىلماي تۇرۇپ قالغان ئۆيلەر بىلەن چەكلىنىدۇ. 3. شەخسلەر ئۆزلىرى ئولتۇرۇۋاتقان ئادەتتىكى ئۆيلەرنى باشقىلارغا ساتماقچى بولسا يەر قوشۇمچە قىممەت بېجى ئېلىش كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. (05)

(يۈننەن «ياچېيكا تۇرمۇشى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىل 10 ـ سانىدىن)

# تەرمىلە گېزىتى

## «ياچېيكا تۇرمۇشى»، ژۇرنىلىنىڭ قوشۇمچىسى

## 2000 ـ يىللىق ئىقتىسادىي خىزمەتنىڭ 5 تۈرلۈك ئاساسىي ۋەزىپىسى

1. ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدىغا بىر قاتار سىياسەت ـ تەدبىرلەرنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش. 2. ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى زور كۈچ بىلەن تەڭشەپ، كەسىپلەرنى ئەلالاشتۇرۇش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش. 3. يەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش. 4. دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى مەركەز قىلىنغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش. 5. خەلق تۇرمۇشىنى يەنىمۇ ياخشىلاش.

## يەر شارىدىكى يەر تەۋرىمەيدىغان جايلار

يەر تەۋرەش ـ يەرشارى مەڭگۈ قۇتۇلالمايدىغان كېسەل بولۇپ قالدى. لېكىن، يەر شارىدا يەر تەۋرىمەيدىغان جايلارمۇ بار. ئۇ بولسىمۇ ئانتاراكتىكا چوڭ قۇرۇقلۇقى ۋە گرېنلاندىيە ئارىلىدۇر.

ئانتاراكتىكا چوڭ قۇرۇقلۇقى بىلەن گرېنلاندىيە ئارىلىدا نېمىشقا يەر تەۋرىمەيدۇ؟ ئەسلىدە بۇنىڭدا غايەت قېلىن مۇز قاتلاملىرىنىڭ رولى بار. ئالىملارنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە، ئانتاراكتىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ 90% يەر يۈزى مۇز بىلەن قاپلانغان، گرېنلاندىيە ئارىلىنىڭ 80 % يەر يۈزى مۇز بىلەن قاپلانغان. مۇز قاتلاملىرىنىڭ قېلىنلىقى ئەڭ قېلىن بولغاندا 3000 مېتىردىن ئېشىپ كېتىدىكەن. مۇز قاتلىمىنىڭ بېسىم كۈچى بولغانلىقتىن مۇز قاتلىمىنىڭ ئاستىنقى قىسمى ئاساسىي جەھەتتىن ئېرىش نۇقتىسى ھالىتىدە تۇرىدىكەن. بۇنىڭدىن تاشقىرى مۇز قاتلىمىنىڭ دائىرىسى كەڭ، ۋەزنى ئېغىر بولغانلىقى، تىك يۆنىلىشتە ناھايىتى كۈچلۈك بېسىم چۈشۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن يەر پوستىنىڭ يانتۇلۇق دەرىجىسىنى ۋە ئېگىلىپ كېتىشىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدىكەن. شۇڭلاشقا، ئانتاراكتىكا چوڭ قۇرۇقلۇقى بىلەن گرېنلادىيە ئارىلىدا يەر تەۋرىمەيدىكەن.

«ئۇرۇمچى كەچلىك گېزىتى» دىن

## ھېيت ـ بايراملاردا قانچە كۈندىن دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلىدۇ؟

مەملىكەت بويىچە ھېيت ـ بايرام ۋە خاتىرىلەش كۈنلىرىدە دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىش چارىسى (1999 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن تۈزىتىش كىرگۈزۈپ تارقاتقان) تۆۋەندىكىچە:

1. بارلىق پۇقرالار دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلىدىغان بايراملار:

(1) يېڭى يىلدا بىر كۈن قويۇپ بېرىلىدۇ؛ (2) چاغاندا 3 كۈن قويۇپ بېرىلىدۇ؛ (3) ئەمگەكچىلەر بايرىمىدا 3 كۈن قويۇپ بېرىلىدۇ؛ (4) دۆلەت بايرىمىدا 3 كۈن قويۇپ بېرىلىدۇ.

2. قىسمەن پۇقرالار دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلىدىغان بايراملار ۋە خاتىرىلەش كۈنلىرى: (1) ئاياللار بايرىمىدا ئاياللار يېرىم كۈن دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلىدۇ؛ (2) ياشلار بايرىمىدا 14 ياشتىن يۇقىرى ياشلارغا يېرىم كۈن دەم ئېلىش بېرىلىدۇ؛ (3) بالىلار بايرىمىدا 13 ياشتىن تۆۋەن ئۆسمۈر بالىلار بىر كۈن دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلىدۇ؛ (4) جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قۇرۇلغان خاتىرە كۈندە ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان ھەربىيلەر يېرىم كۈن دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلىدۇ.

3. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدىكى ھېيت ـ بايراملاردا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى يەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۆز جايىنىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتىگە ئاساسەن، دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىشنى بېكىتسە بولىدۇ.

4. «7 ـ فېۋرال» خاتىرە كۈنى، «30 ـ ماي» خاتىرە كۈنى، «7 ـ ئىيۇل» ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش خاتىرە كۈنى، «3 ـ سېنتەبىر» ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغان خاتىرە كۈنى، «18 ـ سېنتەبىر» خاتىرە كۈنى، ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى، سېستىرالار بايرىمى، مۇخبىرلار بايرىمى، كۆچەت تىكىش بايرىمى قاتارلىق باشقا بايرام ـ خاتىرە كۈنلىرىدە دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلمەيدۇ.

5. بارلىق پۇقرالار دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلىدىغان بايرام كۈنلىرى شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرىگە توغرا كېلىپ قالسا، خىزمەت كۈنلىرىدىن تولۇقلاپ قويۇپ بېرىلىدۇ. قىسمەن پۇقرالار دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلىدىغان بايرام كۈنلىرى شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرىگە توغرا كېلىپ قالسا، دەم ئېلىش تولۇقلاپ بېرىلمەيدۇ. (05)



(«خەلق گېزىتى»دىن

## فىرئەۋن ئەپسۇنىنىڭ سىرى يېشىلدى

ئۇزۇندىن بۇيان كىشىلەر قەدىمكى مىسىرلىقلار ئەل ئېھرامغا ئەپسۇن ئوقۇۋەتكەن، ئەل ئېھرامغا كىرگەن كىشى ئەپسۇنغا ئۇچراپ هاياتىدىن ئايرىلىدۇ دېگەننىڭە ئىشىنىپ كەلگەندى. كانادا ۋە مىسىر تەتقىقاتچىلىرى يېقىندا ئەپسۇنىنىڭ سىرىنى يەشتى. ئۇلار قەدىمكى مىسىر ئەل ئېھرامىنىڭ قىسمەن تاشلىرى ۋە توپىلىرىدا خەتەرلىك دەرىجىسى كۈچلۈك رادون گازى بارلىقىنى بايقىغان، بۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقۇچىلار ئاسانلا ئۆپكە راكىغا گىرىپتار بولىدىكەن.

«تەرملەر»دىن

## گېرمانىيىلىكلەرنىڭ خىزمەت تاللاش كۆز قارىشى

غەرب ئەللىرىنىڭ خىزمەت تاللاش كۆز قارىشى بىلەن بىزنىڭ خىزمەت تاللاش كۆز قارىشىمىزدا زور پەرق بار. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بىر ئادەم بىر شىركەتتە ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىسە، ئۇ «يارامسىز» دەپ قارىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىنتىلىدىغىنى ئۆز ـ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى. ئۇلارنىڭ «شاختىن شاخقا قونۇپ يۈرۈشى» بىرىنچىدىن، ئۆزىنىڭ هاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىش، ئىككىنچىدىن، تېخىمۇ ياخشى پۇرسەت تېپىش. ئۇلار كەسىپكە مۇئامىلە قىلىشتىمۇ نورمۇشقا مۇئامىلە قىلغاندەك ئۆز كۆچىگە تايىنىدۇ.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىلىمىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ، ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، جەمئىيەت ۋە ئىختىساسلىقلار بازىرىنىڭ رىقابىتىگە ماسلىشىدۇ ھەمدە رىقابەتتە يېڭىپ چىقىشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

چەت ئەللىكلەرنىڭ چوڭلار مائارىپى مىللىي مائارىپنىڭ بىر قانىتى، مەسىلەن، باللار ۋە ياشلار مائارىپى ئوخشاشلا مۇھىم ھېسابلىنىدۇ. بىر تەرەپتىن خىزمەت ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئالىي مەكتەپلەردە ئۆگىنىش ياكى بىر مەزگىللىكچە خىزمەتتىن پۈتۈنلەي توختاپ بىلىم ئاشۇرۇش ئەھۋاللىرى ئادەتتىكى ئەھۋال ھېسابلىنىدۇ.

كەسىپ، كەسىپ سورۇنلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى، بىر تەرەپتىن، كىشىلەردىن بىلىمنى يېڭىلاپ، ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، يېڭى ۋەزىپە، يېڭى شارائىت كىشىلەرگە بىلىمىنى بېيىتىش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش، يېڭى دوستلار بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرىدۇ.



«خىزمىتى ئالدىراش ئەمەس، ئائىلىگە يېقىن، مۇكاپاتى كۆپرەك بولىدىغان ئورۇنلارنى تېپىش» كېرەك دەيدىغان كۆز قاراش گېرمانىيىلىكلەرنىڭ خىزمەت تاللاشتىكى پىرىنسىپى ئەمەس. (05)

## يېزا بازارلىرى تۆت خىل ئۇرۇققا ئېھتىياجلىق

1. ئەتىۋارلىق شال ئۇرۇقى. نۆۋەتتە، يېزا، بازارلىرىدا شالغۇت شال ئۇرۇقى خېرىدارلىق بولۇۋاتىدۇ. بىر قىسىم بازارلاردا بازىرى ئىتتىك، ئەتىۋارلىق شال ئۇرۇقلىرى، مەسىلەن، «خوڭ يۆجەن»، «قارا گۈرۈچ» قاتارلىقلار ناھايىتى كەمچىل بولۇۋاتىدۇ.

2. دورا ماتېرىياللىرى ئۇرۇقى. بەزى دېھقانلار تېرىلغۇ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئۈچۈن دورا ماتېرىياللىرى تېرىماقچى بولسىمۇ، ئەمما ئۇرۇقنى سېتىۋالالمىغاچقا، ئامالسىز قېلىۋاتىدۇ.

3. گۈل گىياھلارنىڭ ئۇرۇقى. داڭلىق گۈللەر بازارلاردا ناھايىتى تېز سېتىلىدۇ، بىراق، ئۇرۇقنى تېپىش تەس بولماقتا.

4. مەنزىرە دەرەخلىرى، مېۋە دەرەخلىرىنىڭ ئۇرۇقى.

«شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا گېزىتى» دىن

## شەرقنىڭ ئۈچ چوڭ ساياھەتنامىسى

**1. «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»**

بۇ كىتاب جەمئىي 12 جىلد بولۇپ، كىتاب تاڭ سۇلالىسىنىڭ راھىبى تاڭ شۈەنزاڭنىڭ كۆرگەن، ئاڭلىغان بايانلىرىغا ئاساسەن، شاگىرتلىرى تەرىپىدىن جېن گۈەننىڭ 20 ـ يىلى (مىلادى 646 ـ يىلى) يېزىلغان.

كىتابتا غەربىي يۇرتتىكى 130 دىن ئارتۇق بەگلىكنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بايان قىلىنغان.

**2. «شەرقتە كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىمدىن خاتىرە»**

بۇ كىتابنى ئىتالىيىلىك سايياھ مارك پولو شەرقتىكى 17 يىللىق ساياھىتىگە ئاساسەن يېزىپ چىققان.

**3. «تاڭ سۇلالىسىگە ساياھەت»**

بۇ كىتابنى ياپونىيىلىك راھىب يۈەن رېنىي ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە ئاساسەن يېزىپ چىققان، كىتاب تۆت جىلد.

«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»دىن

# كەنت كادىرلىرىنىڭ ئومۇمنىڭ پۇلىغا يەپ ـ ئىچىش شاملىنى قەتئىي توسۇش كېرەك

ئىلهام ۋەلى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جايلار يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش داۋامىدا، يېزىلاردىكى پارتىيە ئەزالىرىغا بولغان جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، ئىقتىسادچىل بولۇش تەربىيىسىنى، كەنتلەرنىڭ مالىيە تۈزۈمى قۇرۇلۇشى ۋە مالىيە نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتكەنلىكى ئۈچۈن، يېزىلاردا ئومۇمنىڭ پۇلىغا يەپ ـ ئىچىش، ھەشەمەتچىلىك قىلىش، ئىسراپخورلۇق قىلىش شاملى ئۈنۈملۈك توسۇلدى، لېكىن يەنە بەزى ئىنكاسلاردىن قارىغاندا، بەزى جايلاردىكى قىسمەن كەنت كادىرلىرىدا بەلگىلىمىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئومۇمنىڭ پۇلىغا يەپ ـ ئىچىش ئەھۋالى كىشىنى چۆچۈتكىدەك دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن. بەزى كەنتلەر يۇقىرىدىن كەلگەنلىكى ئادەملەرنى مېھمان قىلغان، يىغىنغا چاقىرغان كەنت كادىرلىرىنىمۇ يىغىندىن كېيىن مېھمان قىلغان؛ بەزى كەنت كادىرلىرى ئۆزلىرىنىڭ دوست ـ بۇرادەرلىرىنى مېھمان قىلىشقا كەتكەن چىقىمنى كەنتكە ئاتچوت قىلدۇرغان، ماگىزىندىن ھاراق، تاماكا ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ھەققىنى كەنتنىڭ ھېساباتىغا يازدۇرۇپ قويغان. بەزى كەنتلەر پۇلى بولسىمۇ، بولمىسىمۇ يەپ ـ ئىچىپ يۈرگەن، ھەتتا يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ، كەنت قالدۇرۇقى، نامراتلارنى يۆلەش پۇلى، قەرز پۇلىنى بۇزۇپ يەپ ـ ئىچكەن، بەزى كەنت كادىرلىرى كۈندە دېگۈدەك بىرەر قېتىم زىياپەت يېگەن، بەزىلىرى زىياپەتكە كەتكەن چىقىمنى كۆپەيتىپ ئاتچوت قىلدۇرغان. ئۇلارنىڭ يەپ ـ ئىچىش ئۇسۇلى نېمە دېگەن كۆپ ـ ھە! بەزى كەنتلەردە بىر يىلدا نەچچە ئون مىڭ يۈەن، ھەتتا نەچچە يۈز مىڭ يۈەن يەپ ـ ئىچىپ تۈگىتىلىپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقى كۆپ ئېغىرلىتىۋېتىلگەن، كوللېكتىپ ئىقتىسادىي ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتىلغان، ئامما بۇنىڭدىن قاتتىق نارازى بولغان.

يۇقىرىقى مەسىلىلەرنىڭ ساقلىنىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر شۇكى، بىرىنچىدىن، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلاردىن بەزى كادىرلار مەركەزنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىنى باشلامچىلىق بىلەن ئىجرا قىلالمىغان، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويمىغان، ئۆز نەپسىنى يىغالماي، يەپ ـ ئىچىش قىلمىشىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكەن: ھەتتا بەزى كادىرلار ئالاقە نۇقتىسىغا بارغاندىن كېيىن، دېھقانلار ئاممىسىغا پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسىتىنى تەشۋىق قىلمىغان، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلمىغان، ئاممىنىڭ ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بەرمىگەن، بارغانلىكى كەنتلەردە يەپ ـ ئىچىپ، ھېچ نەرسىنى كۆرمىگەندەك يۈرگەن، تېخىمۇ يامىنى شۇكى، ئۇلار «ئالاقىلىشىش نۇقتىسى»نى «زىياپەتخانا»غا ئايلاندۇرۇۋالغان: ئىككىنچىدىن، بەزى كەنت كادىرلىرىنىڭ ئىدىيىسى ساپ، ساپاسى يۇقىرى بولمىغاچقا، كوللېكتىپنىڭ پۇلىنى خەجلەپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتقان، زىياپەت بېرىش يولى بىلەن ناھىيە، يېزا كادىرلىرى ئارىسىدىن «يۆلەنچۈك»تېپىشقا ئۇرۇنغان، ئۇلار زىياپەت بەرمىسەم يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەر رەنجىپ قالىدۇ، كېيىن ئىش قىلمىقىم تەس بولۇپ قالىدۇ، دەپ قارىغان؛ بەزىلەر كوللېكتىپنىڭ پۇلى يۇلۇۋالغىلى بولسا يۇلۇۋېلىش، بىكارغا يېيىدىغان ئىش بولسا، يېيىش كېرەك، دەپ قارىغان، ياكى مېنىڭ كوللېكتىپقا قوشقان تۆھپەم بار، يېيىشىم، ئىچىشىم ھەقلىق، دەپ قارىغان؛ ئۈچىنچىدىن، مالىيە تۈزۈمى مۇكەممەل ئەمەس، ھېسابات ئاشكارىلاشتۇرۇلمىغان، ئامما نازارەت قىلالمىغان. بەزى كەنتلەردە قائىدە ـ تۈزۈم بويىچە ئىش قىلىنمىغان، ھەتتا رىئايە قىلغۇدەك قائىدە ـ تۈزۈممۇ بولمىغان، كەنت كادىرلىرى پۇلنى كەلسە ـ كەلمەس خەجلىگەن؛ بەزى كەنتلەرنىڭ مالىيە ھېساباتى قېلىپلاشمىغان، قىلىنغان كۆپ چىقىملارنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى پەرق ئەتكىلى بولمىغان؛ بەزى كەنتلەر ھېساباتنى ئۇزاققىچە ئاشكارىلىماي، ئاممىنىڭ نارازىلىقىدىن قېچىپ يۈرگەن؛ تۆتىنچىدىن، يۇقىرى دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىش تارماقلىرى ۋاقتىدا ئەستايىدىل، قاتتىق ئىقتىسادىي تەپتىش قىلمىغان، مانا بۇ سەۋەبلەر ئومۇمنىڭ پۇلىغا يەپ ـ ئىچىپ كۆنۈپ قالغان بەزى كەنت كادىرلىرىغا قولايلىق يارىتىپ بەرگەن.

كەنت كادىرلىرىنىڭ ئومۇمنىڭ پۇلىغا يەپ ـ ئىچىش شاملى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاقىۋەت ۋە زىيان ئىنتايىن ئېغىر. بەزى كەنتلەردە كوللېكتىپ جۇغلانمىسى يەپ تۈگىتىلگەن، قەرز كۆپىيىپ كەتكەن؛ بەزى كەنت كادىرلىرى مېھمان كۈتۈش بىلەن بولۇپ كېتىپ، خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزگەن، ئاز ساندىكى كىشىلەر يەپ ـ ئىچىشكە ئادەتلىنىپ كېتىپ، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى ئۇنتۇپ قالغان، ئاممىنى يېتەكلەپ ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش ئىشلىرىنى ئاقسىتىپ قويغان؛ بەزى كەنتلەرنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرى پىرىنسىپسىز ھالدا يەپ ـ ئىچىپ يۈرۈۋەرگەنلىكتىن زىددىيەت، مەسىلە كۆپىيىپ كېتىپ، بەنزە ئاجىزلىشىپ كەتكەن، رەھبەرلىك يادروسلۇق رولىنى يوقىتىپ قويغان، بۇنىڭ بىلەن، ئىقتىساد تەرەققىي قىلماي، كەنتمۇ، دېھقانلارمۇ نامراتلىشىپ كەتكەن، بۇنداق يامان كەيپىياتنىڭ يامراپ كەتكەنلىكىدىن دېھقانلار زار ـ زار قاقشىغان. شۇنى بىلىش كېرەككى، كەنت كوللېكتىپىنىڭ پۇلى دېھقانلارنىڭ قان ـ تەر بەدىلىگە كەلـ

گەن، دېھقانلار ئاممىسى كەنت كادىرلىرىنىڭ ئۈلگە بولۇشىغا ئۈمۈمنىڭ پۇلىغا يەپ - ئىچىشىدىن ئىنتايىن بىزار.

دېھقانلارنىڭ چاكىرى بولغان كەنت كادىرلىرىنىڭ ئۈمۈمنىڭ پۇلىغا چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىشى، ھەشەمەتچىلىك، ئىسراپخورلۇق قىلىشى، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشى يېزىلاردا پارتىيە ئەزالىرى بىلەن ئاممىنىڭ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ يامانلىشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۈمۈمنىڭ پۇلىغا يەپ - ئىچىش شامىلىنى قەتئىي توسۇش يېزىلاردا پارتىيە ئەزالىرى بىلەن ئاممىنىڭ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش، دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش، يېزىلارنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداپ، يېزا ئىسلاھاتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ۋە يېزىلارنى ئۈمۈميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى بىر جىددىي ۋەزىپە. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، خەلق ھۆكۈمەتلىرى يۇقىرىقى مەسىلىلەرگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشى داۋامىدا ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ ھەقىقىي تۈردە ھەل قىلىشى لازىم.

كەنت كادىرلىرىنىڭ ئۈمۈمنىڭ پۇلىغا يەپ - ئىچىش، ھەشەمەتچىلىك قىلىش، ئىسراپخورلۇق قىلىش شامىلىنى ئۈنۈملۈك توسۇش ئۈچۈن، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، قانۇن بويىچە تۈزۈم تۇرغۇزۇپ، كەنتنى تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇپ، مالىيە ئىشلىرىنى دېموكراتىك باشقۇرۇش، دېموكراتىك نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىشتا، مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك خىزمەتنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ياخشى ئىشلەش كېرەك.

1. مۇناسىۋەتلىك يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ كادىرلىرى ۋە كەڭ كەنت كادىرلىرىغا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى نەزەرىيىسى، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىش ئېسىل ئەنئەنىسى توغرىسىدا چوڭقۇر تەربىيە بېرىپ، ئۇلارغا دۆلەت ئەھۋالىنى، ھازىر تېخى باي ئەمەسلىكىمىزنى، يەنىلا بارلىق ئىشلارنى ئىقتىسادچىللىق بىلەن قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈشىمىز، ئىقتىسادچىل بولغانلار گۈللىنىش، ئىسراپخورلار خارلىنىش - ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە قارشى تۇرۇپ بولماس قانۇنىيەت ئىكەنلىكىنى، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىش پارتىيىمىزنىڭ غەلىبە قىلىشىدىكى ئەنگۈشتىرى ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشتا شەكىللەندۈرگەن ئېسىل ئەنئەنىسى، شۇنداقلا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا زامانىۋى يېڭى يېزا بەرپا قىلىشىمىزدىكى قىممەتلىك مەنىۋى بايلىق ۋە قۇدرەتلىك مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، توغرا دۇنيا قاراش، قىممەت قارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇپ كەنت كادىرلىرىنى ئۈمۈمنىڭ پۇلىغا يەپ - ئىچىش شامىلىنى توسۇش ئۈچۈن پۇختا ئىدىيىۋى ئاساس سېلىش كېرەك.

2. كەنتلەرنىڭ مالىيە تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مالىيە باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش، مالىيە نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەر بىر كەنت مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، مۇناسىۋەتلىك مالىيە تۈزۈملىرىنى، مەسىلەن، مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمى، مالىيە نازارەتچىلىكى تۈزۈمى، مالىيە ئىشلىرىنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش تۈزۈمى، مالىيىنى ئاشكارىلاشتۇرۇش ۋە مالىيىنى دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈزۈم بويىچە ئىش قىلىپ، مالىيە ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇشى كېرەك؛ ھەر بىر كەنت - كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى مۇھاكىمە قىلىش ھەيئىتى، پارتىيە ئەزالىرى مۇھاكىمە قىلىش ھەيئىتى ۋە مالىيىنى دېموكراتىك باشقۇرۇش گورۇپپىسىنى قۇرۇپ، مۇناسىپ خىزمەت تۈزۈملىرىنى بەرپا قىلىپ، كەنتنىڭ مالىيە ئىشلىرىنى يۇقىرى ھەيئەت گورۇپپىسىنىڭ قاراپ چىقىشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاممىغا قەرەللىك ئېلان قىلىشى، مالىيىنى ۋە كەنت كادىرلىرىنى دېموكراتىك نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، كەنت كادىرلىرىنىڭ ئۈمۈمنىڭ پۇلىغا يەپ - ئىچىش شامىلىنى توسۇشنى تۈزۈم كاپالىتىگە ئىگە قىلىشى كېرەك.

3. كەنتنىڭ مالىيە خادىملىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مالىيە خادىملىرى قوشۇنىنىڭ نىسپىي مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. كەنتنىڭ مالىيە خادىملىرىنى مۇناسىۋەتلىك قانۇن، بەلگىلىمە، سىياسەتلەرنى ئۆگىنىشكە قەرەللىك ھالدا تەشكىللەپ، كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش لازىم. مالىيە خادىملىرىغا كۆيۈنۈپ ۋە ئۇلارنىڭ تۈزۈم بويىچە ئىش قىلىشىنى قوللاپ، ئۇلارنىڭ خىزمەتتە يولۇققان قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش، خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان مالىيە خادىملىرىنى ۋاقتىدا ئالماشتۇرۇش كېرەك. مالىيە خادىملىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش، ئالماشتۇرۇشتا مۇناسىپ دېموكراتىك تەرتىپكە ئەمەل قىلىشى، شۇنداقلا يۇقىرى دەرىجىلىك تارماققا تەستىقلىتىشى لازىم. مۇشۇ خىزمەتلەر ئارقىلىق، پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، مالىيە تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان، مالىيە ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىدىغان مۇقىم، قاۋۇل كەنت مالىيە خادىملىرى قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىپ، كەنت كادىرلىرىنىڭ ئۈمۈمنىڭ پۇلىغا يەپ - ئىچىش شامىلىنى توسۇشنى تەشكىلىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك. (06)

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۆڭتىڭى تەرجىمە باشقارمىسىدا ئىشلەيدۇ)

## قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئاقتۇ ناھىيىسىگە 300 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى

قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋە ئالدىن بېيىغان ھەر مىللەت يەككە تىجارەتچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ بېيىغاندا نامراتلارنى ئۇنتۇماسلىق، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارغا ياردەم قولىنى سوزۇش ـ تەك ئېسىل پەزىلىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىغان ئاقتۇ ناھىيىسىگە 300 مىڭ يۈەن پۇل، 30 مىڭ يۈەن قىممىتىدە كىيىم ـ كېچەك ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىدىن ھال سورىدى. (05)

**ئابلىز ئابلەت مەخسۇم**

## يەكەن ناھىيىلىك دۆلەت باج ئىشلار ئىدارىسى «پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى تەربىيە ئېيى پائالىيىتى»نى قانات يايدۇرۇپ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى

يەكەن ناھىيىلىك دۆلەت باج ئىشلار ئىدارىسى 21 ـ ئەسىرنى ئەلا نەتىجىلەر بىلەن كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، 1999 ـ يىل 9 ـ ئايدا، ئۆز سىستېمىسىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئارىسىدا، «پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ئېيى پائالىيىتى»نى قانات يايدۇردى. ئىدارە مەسئۇللىرى بۆلۈم، باجخانا مەسئۇللىرى ۋە كادىرلارنى قاتتىق باشقۇرۇش، ئۆز ئارا نازارەت قىلىش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇپ، باج قانۇنىنىڭ ئادىل ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى مەركەز، ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشقا ئائىت ھۆججەت، ماتېرىياللىرى ۋە دۆلەت باج ئىشلار ئىدارىسى تۈزۈپ تارقاتقان «باج خادىملىرىنىڭ پاكلىق قوللانمىسى»نى ئەقتىلىق ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش جەھەتتىكى ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتتى.


10 پاش قىلىش تېلېفونى، 12 پاش قىلىش ساندۇقى ئورنىتىپ، ئۇنىڭغا مەخسۇس ئادەملەرنى مەسئۇل قىلدى. ئۇ ئارقىلىق ئاممىنىڭ باج ئوغرىلاش، باج يوشۇرۇش، باجدىن قېچىشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان تۈرلۈك ئىنكاسلىرىنى قوبۇل قىلىپ، شۇ يىپ ئۇچىغا ئاساسەن ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈپ، كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. (05)

**مۇھەممەت مۇسا، خاسىيەت توخسۇن**

## «ئاق خالات» لىقلار پارتىيە ياچېيكىسى پاكلىق قۇرۇلۇشىدا باشلامچى بولدى

غۇلجا ناھىيە ئۇنيار يېزىلىق شىپاخانا پارتىيە ياچېيكىسى يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، پارتىيە قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، تىببىي كەسپتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

بۇ شىپاخانا پارتىيە ياچېيكىسى ھەر يىلى يىل بېشىدا يېزىلىق پارتكوم بىلەن «پارتىيە قۇرۇلۇشىنى نىشانلىق باشقۇرۇش»، «كەسپتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش، خىزمەتتە پاك ـ ئىنتىزاملىق بولۇش» بويىچە مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاپ، پارتىيە ئەزالىرى، تىببىي خادىملار ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە بولغان سىياسىي ـ ئىدىيىۋى تەربىيە، قانۇن ـ تۈزۈم تەربىيىسى ۋە تىببىي ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتتى. «ئاغرىقلار قەلبىمدە»، «پاك ـ ئىنتىزامچان بولىمەن» دېگەن تېمىلاردا مۇسابىقىلەرنى ئېلىپ باردى. پارتىيە ئەزالىرى ۋە پارتىيىگە كىرىشنى تەلەپ قىلغان ئاكتىپلارنى پارتىيە نىزامنامىسى بويىچە مەخسۇس تەربىيىلىدى.



نەتىجىدە «ئاق خالاتلىق»لار پارتىيە ياچېيكىسى ئىلى ۋىلايىتى بويىچە ئۇدا 3 يىل ئاساسىي قاتلامدىكى «ئۈلگىلىك پارتىيە ياچېيكىسى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. (05)

**ئابدۇۋەلى ئەخمىدى**

## يېڭىچكىرىق 8 ـ كەنتى بەشتە ياخشى يېزا قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلىدى

يېڭىسار ناھىيە يېڭىچكىرىق 8 ـ كەنتنىڭ سۇغىرىش شارائىتى ناچار، يوللىرى شېغىللىق، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل ئىدى. بۇ كەنت 1990 ـ يىلدىن باشلاپ كەنت مالىيەسىدىن 8000 يۈەن چىقىم قىلىپ، كەنتتىكى 180 نەپەردىن ئارتۇق ئەمگەك كۈچى، ئات، ئېشەك ھارۋىسى، ماشىنا، تراكتور قاتارلىقلارنى ئىشقا سېلىپ كەنتنىڭ 13 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى 4 ئورۇندىكى تەخمىنەن 13 كىلومېتىر كېلىدىغان يولنى تاشيول قىلىپ ياساپ چىقتى. يېڭىدىن 9 ئورۇندا زاكۇ، توما ـ تاقاق ۋە بۇرۇنقى 13 كونا ياغاچ كۆۋرۈكنى يېڭىدىن بېتون قۇرۇلمىلىق سېمونت كۆۋرۈك قىلىپ ياسىدى. كەنتنىڭ سۇغىرىش شارائىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدى. (05)

**ئابدۇرېھىم ئەشرەپ**
**ئەيسا ئىبراھىم**

## ھاڭگىيا يېزىسىدا دېھقان، چارۋىچى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئارخىپنى باشقۇرۇش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى

يېزىلىق پارتكوم يېزىدا ئارخىپ باشقۇرۇشقا بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، مەخسۇس رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ بۇ خىزمەتكە مەخسۇس ئادەمنى مەسئۇل قىلدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ يېزىدىكى 1949 ـ يىلدىن ھازىرغا قەدەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قوبۇل قىلىنغان دېھقان، چارۋىچى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ماتېرىياللىرىنى يىغىش، رەتلەش قاتارلىق خىزمەتلەر چىڭ تۇتۇلۇپ ياخشى ئىشلىنىپ، ئۆلۈپ كەتكەن 340 نەپەر دېھقان، چارۋىچى پارتىيە ئەزاسى ۋە ھازىر بار بولغان 714 نەپەر دېھقان چارۋىچى پارتىيە ئەزاسىنىڭ ئارخىپى قايتىدىن قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، رەتلەپ تۇرغۇزۇلدى. (05)

**ئەلىمەردان ئابدۇللا**



## ساندۇخوزا يېزا قۇم دەرۋازا كەنتى سايلام پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ كەنت مۇدىرلىرىنى سايلاپ چىقتى

قورغاس ناھىيە ساندۇخوزا يېزا قۇم دەرۋازا كەنتى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ئېلىپ بېرىپ، كەنت ئاھالىلەر مۇدىر ھەيئەتلىرىنى سايلاپ چىقتى.

بۇ كەنت يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، بۇ قېتىمقى سايلام خىزمىتىنى 6 چوڭ باسقۇچقا بۆلۈپ، تەشۋىق قىلىش، سەپەرۋەرلىك يىغىنى، سۆھبەت يىغىنى، دوكلات يىغىنى ئېچىش، مەخسۇس تېمىدا لىكسىيە ئۇيۇشتۇرۇش، سايلىغۇچىلارنى تىزىملاش، بالڭ چىقىرىش قاتارلىق بىر يۈرۈش تەييارلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەنىدى. شۇ ئاساستا، كەنت بويىچە 6 گۇرۇپپىدىكى 1190 نەپەر سايلىغۇچىنىڭ سايلام بېلىتى تاشلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق يېڭى بىر نۆۋەتلىك ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ئاياللار مۇدىرى ۋە ھەيئەتلىرىنى سايلاپ چىقتى. (05)

**تۇراخۇن نۇراخۇن، مۇكەررەم تۇرسۇن**

## پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىشتا قايسى خىل ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم؟

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش خىزمىتىنىڭ تەپسىلىي پىرىنسىپى»دا «قول كۆتۈرۈپ ئاۋاز بېرىش ياكى يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولىدۇ» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. بۇ، 2 خىل ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلىنىڭ قايسىسىنى قوللانسا بولۇۋېرىدۇ، دېگەنلىكتۇر. بۇنداق بەلگىلەش پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىك تۇرمۇشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىرادىسىنى تېخىمۇ تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ، يېڭى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشقا پايدىلىق.

ئەمدى ئاۋاز بېرىشتە ياچېيكىنىڭ كونكرېت قايسى خىل «ئۇسۇلنى قوللىنىش ئىشىغا كەلسەك، بۇنى ئۆز ياچېيكىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ بېكىتىشكە بولىدۇ. لېكىن قايسى خىل ئۇسۇلنى قوللىنىشتىن قەتئىينەزەر ئۇنى يىغىنغا قاتناشقان پارتىيە ئەزالىرى ئىلتىماس قىلغۇچىنى پارتىيىگە قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى تولۇق مۇزاكىرە قىلغان ئاساستا ئېلىپ بېرىش كېرەك، شۇنداقلا كۆپ سانلىق پارتىيە ئەزالىرى قوشۇلغان بولۇشى لازىم. (07)

(بېيجىڭ «ياچېيكا تۇرمۇشى»نىڭ 1999 - يىل 5 -سان)

## پارتىيە ياچېيكا كومىتېتىنى ئۆزگەرتىپ سايلاشنى كېچىكتۈرۈشكە بولامدۇ؟

ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئېنىق بەلگىلەنگەن، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقاندا، ۋاقتىدا نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمى ئېلىپ بېرىش لازىم. بۇ پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىك تۇرمۇشنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى. لېكىن تۆۋەندىكى ئەھۋالنىڭ بىرىگە يولۇققاندا، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، ۋاقتىنچە كېچىكتۈرۈپ ئۆزگەرتىپ سايلاشقا بولىدۇ: پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى ئاجىز، چېچىلاڭغۇ ياكى پالەچ، يېرىم پالەچ ھالەتتە تۇرغاندا، تەشكىل پاك بولمىغان، گۇرۇھۋازلىق ئېغىر بولغان بولسا، ياچېيكىنىڭ ئاساسلىق كادىرلىرى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتقان، ناتوغرا ئىستىل ئېغىر بولغان بولسا، يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار ساقلانغان پارتىيە ياچېيكىسىنى ئالدى بىلەن ئەستايىدىل تەرتىپكە سېلىپ، شارائىت ھازىرلاپ، ئۆزگەرتىپ سايلاشقا مۇۋاپىق ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم. بىر مەزگىل ۋاقىتنى مەركەزلەشتۈرۈپ مەلۇم مۇھىم ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا توغرا كېلىش، ياكى ياچېيكىنىڭ كۆپ ساندىكى رەھبەرلىك ئەزالىرى سىرتقا خىزمەتكە چىقىپ كېتىش ۋە ياكى تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچراش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزگەرتىپ سايلاش ئىشىنى قەرەلىدە ئېلىپ بېرىش قىيىن بولغاندا، ئۆزگەرتىپ سايلاش خىزمىتىنى ۋاقىتىنچە كېچىكتۈرۈشكە بولىدۇ. ئۆزگەرتىپ سايلاشنى ۋاقتىنچە كېچىكتۈرگەن ياچېيكا يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتىغا تەستىقلىتىشى، كېچىكتۈرۈش ۋاقتىنى ئادەتتە بىر يىلدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكى لازىم. (07)

(ئەنخۇي «پارتىيە تۇرمۇشى»نىڭ 1998 — يىل 12 — سانىدىن)

## يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوم ياچېيكا پارتىيە ئەزالىرى چوڭ يىغىنىنىڭ قارارىنى ئەمەلدىن قالدۇرالامدۇ؟

ياچېيكا پارتىيە ئەزالىرى چوڭ يىغىنى ياچېيكىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى بولۇپ، ئۇ كۆپ ساندىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىرادىسىگە ئاساسەن، توغرا قارار چىقىرىپ، بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنى ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلسا، تەشكىللىسە بولىدۇ. ئەمما پارتىيىگە يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىش، پارتىيە ئەزالىرىنى جازالاشقا دائىر قارارلىرىنى يەنىلا يۇقى-

رى دەرىجىلىك پارتكومنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىتىشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئاندىن يولغا قويىدۇ. يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوم ئۆزىگە تەۋە ياچېيكىنىڭ قارارىدا خاتالىق بولۇپ، يامان تەسىر پەيدا قىلغانلىقىنى بايقىسا، ئۇلارنى قايتا مۇزاكىرە قىلىپ، ئەسلىدىكى قارارنى ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇشقا هوقۇقلۇق، زۆرۈر تېپىلغاندا ياچېيكىنىڭ قارارىنى بىۋاسىتە ئەمەلدىن قالدۇرسا بولىدۇ. (07)

## تەشكىلىي رەسمىيەتنى يېنىدا بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ساقلاپ يۈرگەنلەر پارتىيىدىن ئۆزلۈكىدىن ئايرىلغان هېسابلىنامدۇ؟


خىزمىتىنى يۆتكىگەن ياكى ئارمىيىدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان، هەربىي سەپتىن قايتقان، ئارمىيىدىن چېكىنگەن پارتىيە ئەزالىرى تەشكىلىي مۇناسىۋىتىنى تونۇشتۇرۇش خېتىدە بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە بارىدىغان ئورۇننىڭ تەشكىلات بۆلۈمىگە بېرىپ تەشكىلىي مۇناسىۋىتىنى يۆتكەش رەسمىيىتىنى بېجىرىشى لازىم.

ئورۇنلۇق سەۋەبى يوق، تەشكىلىي مۇناسىۋىتىنى ئۇزۇن مۇددەت يۆتكىمەي، بەلگىلەنگەن ئورۇنغا بېرىپ تىزىمغا ئالدۇرمىغان پارتىيە ئەزالىرىغا قاتتىق تەنقىدىي تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇرۇشقا مۇددەت بەلگىلەپ بېرىش لازىم. تەربىيە بېرىلسىمۇ يەنىلا پارتىيە ئەزاسىلىق تەشكىلىي مۇناسىۋىتىنى تونۇشتۇرۇش خېتىنى بارغان ئورۇن پارتىيە تەشكىلاتىغا تاپشۇرماي ئۆز يېنىدا ساقلاپ يۈرۈپ، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشىغا قاتناشمىسا، ئۇلارنىڭ ئەهۋالىغا قاراپ، بەزىلىرىگە پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى بېرىش، بەزىلىرىنى پارتىيە نىزامنامىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ئۆزلۈكىدىن پارتىيىدىن ئايرىلغانلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىش لازىم. تەشكىلىنىڭ قارارىغا بويسۇنمىغان، بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتقىچە هەم تەشكىلىي مۇناسىۋىتىنى يۆتكىمىگەن هەم پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ تەنقىد - تەربىيىسىگە قۇلاق سالمىغان پارتىيە ئەزالىرىنى ئۆزلۈكىدىن پارتىيىدىن ئايرىلغانلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىش لازىم. (07)

(بېيجىڭ «ياچېيكا تۇرمۇشى» نىڭ 1999 - يىل 5 - سانىدىن)

## پارتىيىگە تونۇشتۇرغۇچى مەلۇم سەۋەب بىلەن ياچېيكا يىغىنىغا قاتنىشالمىسا، يازما پىكرىنى ئوقۇپ بېرىشنى باشقىلارغا هاۋالە قىلسا بولامدۇ؟

ياچېيكا يىغىنىدا پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش ئىشى مۇزاكىرە قىلىنىۋاتقاندا، تونۇشتۇرغۇچى يىغىندا تونۇشتۇرۇلغۇچىنىڭ ئەهۋالىنى دوكلات قىلىشى لازىم، شۇڭا ئادەتتىكى ئەهۋالدا، ئۇ چوقۇم يىغىنغا قاتنىشىشى لازىم. ئالاهىدە ئەهۋال بولۇپ قېلىپ، تونۇشتۇرغۇچىلار ئىچىدىكى بىرسى يىغىنغا قاتنىشالمىسا، لېكىن يىغىن ئېچىلىشتىن ئىلگىرى پارتىيە تەشكىلاتىغا ئۆزىنىڭ قاتنىشالمايدىغانلىقىنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن دوكلات قىلغان بولسا، ياچېيكا چوڭ يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، قاتنىشالمايدىغان تونۇشتۇرغۇچى ئۆزىنىڭ يازما پىكرىنى باشقا پارتىيە ئەزالىرىغا يىغىندا ۋاكالىتەن ئوقۇپ بېرىشكە هاۋالە قىلسا بولىدۇ. لېكىن ئاۋاز بەرگەندە بۇ تونۇشتۇرغۇچىنىڭ يازما پىكرىنى بىر ئاۋاز، دەپ هېسابلاشقا بولمايدۇ. 2 نەپەر تونۇشتۇرغۇچىنىڭ هەر ئىككىلىسىلا يىغىنغا قاتنىشالمىسا، پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىشنى مۇزاكىرە قىلىدىغان ياچېيكا يىغىنىنى ئەڭ ياخشىسى قاتنىشىشقا تېگىشلىك كىشىلەر تولۇقلانغاندا ئاچقان تۈزۈك. (07)



# يېزىلاردىكى پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشنى ياخشى ئۆتكۈزۈشكە كۆڭۈل بۆلۈش لازىم

يېقىندا، مەن دەم ئېلىش ئۈچۈن يۇرتۇمغا قايتقاندا ئۆز كەنتىمىزدىكى 50 ـ، 60 ـ يىللاردا پارتىيىگە كىرگەن بىرقانچە نەپەر پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسىنى زىيارەت قىلدىم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى 1 پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى ئاغزى بېسىلماي ماڭا پارتىيىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتى يېزىلارغا ئېلىپ كەلگەن خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىشلەرنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار 2 قەۋەتلىك بىنا ئۆي سېلىپتۇ، ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ئىنتايىن ياخشى بولۇپ، ئۆي جاھازلىرى، ئاۋاز ياڭراتقۇچ تولۇق ئىكەن، تۇرمۇش سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئائىلىسىدىكىلەر ئىنتايىن ئىناق ئىكەن، ئۇ ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ھېس قىلىدىكەن. لېكىن، يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان، كەنت دەرىجىلىك ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئۇلار بىلەن كارى بولماپتۇ. پارتىيە گۇرۇپپىسى تەشكىلىي تۇرمۇش ئۆتكۈزگەندە، ياچېيكا مۇناسىۋەتلىك يىغىنلارنى ئاچقاندا، ئۇلارغا قاتنىشىشقا ئۇقتۇرۇش قىلماپتۇ، ئۇلار يىلدا بىر قېتىم پارتىيە ئەزالىرىنى باھالاشتىنمۇ خەۋەرسىز ئىكەن، يۇقىرىنىڭ بەزى ھۆججەت، ماتېرىياللىرى ئۇلارغا ئوقۇپ بېرىلمەپتۇ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىمۇ ناھايىتى ئاز يەتكۈزۈلۈپتۇ. ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان بەزى مۇۋاپىق تەكلىپلەر قوبۇل قىلىنماپتۇ.

مېنىڭچە، يېزىلاردىكى پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرىمۇ پارتىيىمىزنىڭ قىممەتلىك بايلىقى. ئۇلار ياش ۋاقتىدا دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى، مىللەتنىڭ ئازادلىقى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن زور تۆھپىلەرنى قوشقان. ھازىر ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئارمىنىغا تۇشلۇق دەرمىنى يوق. لېكىن بەزىلىرى تېمەن بولۇپ، كاللىسى سەگەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى سىياسىي جەھەتتە ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، تۇرمۇشتا ئۇلارغا كۆپرەك ئېتىبار بېرىپ، ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلارنى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ مېھرى ـ شەپقىتىنى ھېس قىلىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن بۈگۈنكى كۈندە رولىنى تېخىمۇ ئوبدان جارى قىلدۇرۇپ، جامى يەتكۈچە تۆھپە قوشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى لازىم. شۇڭا، يېزىلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ بۇ خىزمەتنى كۈندىلىك ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشىغا يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن. (07)

**چېن ئاشى**

# پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ

پارتىيە گۇرۇپپىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ھۈجەيرىسى. ئۇ بولمىسا، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، ئەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ جەڭ-

گىۋارلىقىغا تەسىر يېتىدۇ. لېكىن بىز شۇنى بايقىدۇقكى، بەزى جايلار پارتىيە گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇشىنى تۇتسىمۇ - تۇتمىسىمۇ بولىدىغان ئورۇنغا قويۇپ، پارتكومدىن تارتىپ پارتىيە ياچېيكىسىغىچە، ئادەتتە پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە پائالىيەت ئەھۋالىنى ئىنتايىن ئاز تەھلىل قىلغان ۋە تەكشۈرگەن. بەزى پارتىيە ياچېيكىلىرى پارتىيە گۇرۇپپىسى تەسىس قىلمىغان بولۇپ، 10 نەچچە ئادەم، نەچچە ئون ئادەم بىرلىكتە تەشكىلىي تۇرمۇش ئۆتكۈزگەن، بۇ ئىنتايىن بىئەپ بولغان. بەزى پارتىيە ياچېيكىلىرى پارتىيە گۇرۇپپىسى تەسىس قىلغان بولسىمۇ، گۇرۇپپا باشلىقى سايلاش ۋە سەپلەشكە تازا دېگەندەك ئەھمىيەت بەرمىگەن، شۇڭا ھەممىشە خادىملار كەمچىل بولۇشتەك ئەھۋاللار كۆرۈلگەن. بۇنىڭدىن باشقا، پارتىيە گۇرۇپپا باشلىقلىرى يىغىنىنى كەمدىن - كەم ئاچقان، گۇرۇپپا باشلىقلىرىنى تەربىيىلەشتىن تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، بىرىنچىدىن، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ پائالىيىتىنى كونكرېتلاشتۇرغىلى، تۈزۈملەشتۈرگىلى، قېلىپلاشتۇرغىلى بولمايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، پارتىيە تەشكىلاتى پائالىيىتىنىڭ جىددىيلىكى، ئىلمىيلىكى كەمچىل بولىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، پارتىيە ئەزالىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى چوڭقۇر ۋە كەڭ بولمايدۇ؛ تۆتىنچىدىن، پارتىيە ئەزالىرىنى ئومۇميۈزلۈك نازارەت قىلغىلى بولمايدۇ.

پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ رولىنى تېخىمۇ ئوبدان جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ خىزمىتىنى تېخىمۇ جانلىق قىلىش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، بولۇپمۇ پارتكومنىڭ تەشكىلات تارماقلىرىغا پارتىيە گۇرۇپپىسى قۇرۇشقا بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ھەمدە پائالىيەت ئەھۋالىنى ھەممىشە تەكشۈرۈپ ئىگىلەپ، ياخشى تىپلارنى بايقىغان ھامان، ئۇلارنى زور كۈچ بىلەن تەقدىرلەپ، ئۇلارنىڭ تەجرىبىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ناچارلىرىنى بايقىغان ھامان ئۇلارغا قايتا خىزمەت ئىشلەپ، كۈچلۈك تەدبىر ۋە تۈزۈم ئارقىلىق پارتىيە گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇشىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش تەكلىپىنى بېرىمەن. (07)

# يېزىلاردىكى «ئاق قالدۇرۇش» ئەھۋالى كىشىنى ئەندىشىگە سالىدۇ

يېزىلارغا قارىتىلغان ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشكىنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، يېزىلاردا يەر - جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگۈدەك ئۆزگىرىشلەر بولدى. بىراق، يېزىلاردىكى بەزى جايلاردا تېرىلغۇ يەرلەر ئاق قالغاندىن باشقا، يەنە نۇرغۇن جەھەتلەردە «ئاق قالدۇرۇش» ئەھۋاللىرى ساقلانماقتا؛ بىرىنچىدىن، ئاممىۋى يىغىنلارنىڭ ئورنى «ئاق» قالغان. بەزى يېزا تەشكىلاتلىرىدا بىر يىلنىڭ 4 پەسلىدە بىر قېتىممۇ يىغىن ئېچىلمىغان، نەتىجىدە يىغىنىنىڭ ئورنى «ئاق» قالغان، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى «بوش» قالغان. شۇنىڭ بىلەن سىياسەتنىڭ ئارقىلىش يوللىرى ئېتىلىپ قېلىپ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىللىشىشى ئىجرا قىلىنىشىغا، كادىرلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە تەسىر يەتكەن؛ ئىككىنچىدىن، كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىڭ ئورنى «ئاق» قالغان. نۇرغۇن يېزا تەشكىلاتلىرىدىكى كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىڭ ئورنى ئاق قالغان بولۇپ، چىقىم قىلىنغان پۇل دېھقانلاردىن يىغىش قىلىنغان، دېھقانلارنىڭ يۈكى ھەددىدىن زىيادە ئېغىرلىشىپ كەتكەن، بۇنىڭغا ئاممىنىڭ پىكرى ئىنتايىن كۆپ بولغان، ئۈچىنچىدىن، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنىڭ ئورنى «بوش» قالغان. يېزىلاردىكى نۇرغۇن ياش ئەمگەك كۈچلىرى شەھەرلەرگە چىقىپ ئىشلىگەن، يېزىلاردىكى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلمىغان، يېزىلاردىكى مەدەنىيەت پونكىتلىرى، قىرائەتخانىلارمۇ چۆلدەرەپ خاراب بولغان؛ تۆتىنچىدىن، زاپاس ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئورنى «بوش» قالغان. قابىلىيەتلىك، بىلىملىك نۇرغۇن پارتىيە ئەزالىرى ۋە پەن - تېخنىكىنى بىلىدىغان ياش دېھقانلار كەينى - كەينىدىن يۇرتىدىن ئايرىلىپ، شەھەرلەرگە پۇل تېپىش ئۈچۈن چىقىپ كېتىپ، كەنت كادىرلىرىنى سەپلەشكە زور قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىغا تەسىر يەتكۈزگەن؛ بەشىنچىدىن، يېزىلاردىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ يېشى چوڭراق بولۇپ، ئاياللار كۈچلىرىنىڭ ئورنى «ئاق» قالغان. ھازىر نۇرغۇن جايلاردا يېشى 30 ياشتىن تۆۋەن بولغان ياشلار پارتىيە ئەزالىقىغا ناھايىتى ئاز قوبۇل قىلىنغان. بەزى كەنت پارتىيە ياچېيكىلىرى بىرقانچە يىل پارتىيىگە بىرمۇ ئەزا قوبۇل قىلمىغان، پارتىيىگە يېڭى ھاياتىي كۈچ قوشۇلمىغان.

يېزىلاردىكى «ئاق قېلىش» ئەھۋالى ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا غايەت زور تەسىر يەتكۈزدى، خىزمەتلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلدى. شۇڭا، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، يېزىلاردىكى «ئاق قېلىش» مەسىلىسىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ساغلام يۆنىلىش بويىچە راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ھەققىدە تەكلىپ بېرىمەن. (07)

ئاسائا فوتوسى

# 50 يىلدىكى چوڭ ئىشلار




## سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق شەرتنامىسىنى ئىمزالاش

1949 ـ يىلى قىشتا، رەئىس ماۋزېدۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيارەتتە بولۇۋاتقان چاغدا ستالىنغا 2 دۆلەت بىر تۈرلۈك يېڭى شەرتنامە ئىمزالاپ، ئۇنى 1945 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن جۇڭگو گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىمزالىغان «جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇق ـ ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى»نىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنى تەكلىپ قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 2 تەرەپ 1950 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى «جۇڭگو سوۋېت دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى، ئۇنىڭ كۈچكە ئىگە مۇددىتى 30 يىل بولىدىغان بولدى.

## ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش

1950 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى «ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، ئائىلىنى ۋە دۆلەتنى قوغداش» توغرىسىدا ئىستراتېگىيىلىك قارار چىقاردى. 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، پېڭ دېخۇەي قوماندان قوشۇمچە سىياسىي كومىسسار بولغان جۇڭگو خەلق پىدائىيلار قوشۇنى يالۇجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، چاۋشيەن ئالدىنقى سېپىگە بېرىپ چاۋشيەن خەلق ئارمىيىسى بىلەن بىرلىكتە، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى»بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭغا يالاقچى دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزچى ئارمىيىسىگە قارشى جەڭ قىلدى. 1953 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، «چاۋشيەندە ھەربىي ئۇرۇش توختىتىش توغرىسىدىكى كېلىشىم» چاۋشيەننىڭ بەنمېندىيەن دېگەن يېرىدە ئىمزالاندى. شۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشى ئاخىرلاشتى. 3 يىللىق ئۇرۇش مەزگىلىدە، جۇڭگو ـ چاۋشيەن قوشۇنلىرى دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ جەمئىي بىر مىليون 90 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى يوقىتىپ، تاجاۋۇزچىلارنى «38 ـ پاراللېل»نىڭ جەنۇبىغا قوغلىۋەتتى. 1958 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، پىدائىيلار قوشۇنى چاۋشيەندىن پۈتۈنلەي چېكىنىپ چىقىپ ۋەتىنىمىزگە قايتىپ كەلدى.



## يەر ئىسلاھاتىنى تاماملاش

1952 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكى يەر ئىسلاھاتى ئاساسەن تاماملاندى، شۇنىڭ بىلەن فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى يوقىتىلىپ، يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئازاد قىلىندى، كەمبەغەل دېھقان، ياللانما دېھقانلارنىڭ يېزىلاردىكى ئۈستۈنلۈكى بېكىتىلدى، ئىشچى، دېھقانلار ئىتتىپاقى ۋە خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى مۇستەھكەملەندى.

## «ئۈچ چوڭ ئۆزگەرتىش»نى تاماملاش

1952 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1956 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، 4 يىللىق تىرىشىش ئارقىلىق، ئېلىمىزدە يېزا ئىگىلىكى، قول ـ سانائەت ۋە كاپىتالىستىك سودا ـ سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

**قادىر داۋۇت (ت)**



ئىدارە باشلىقى، پارتكومنىڭ شۇجىسى جاڭ كېچىن، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ساۋ جىڭجۇڭ، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى دولقۇن تۇمۇرلەر خىزمەتلەر ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بارماقتا




مۇلازىمەت ئورنىدىكى خادىملار خىزمەت ئۈستىدە



گېزىت تارقىتىش گۇرۇپپىسىدىكى خادىملار خىزمەت ئۈستىدە



ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت قىلىش ئورنىدىكى خادىملار خېرىدارلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلماقتا



پوچتا ئامانەت ئورنىدىكى خادىملار خىزمەت ئۈستىدە


# مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشنى چىڭ تۇتۇپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان كوللېكتىپ

تۇرپان ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسى پارتكومى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشنى چىڭ تۇتۇپ، ئىدارىدە 1 - باشلىق گۇرۇپپا باشلىقلىقنى ئۈستىگە ئالغان مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، كونكرېت پىلان تۈزۈپ چىقىپ «بەلگىلىمىنى ئاساس قىلىش، سىستېمىلار بويىچە بەرپا قىلىش، بۆلەكلەر بويىچە بىرلەشتۈرۈپ تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرۇش»تەك بەرپا قىلىش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈپ، ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىشتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ پوچتا سىستېمىسى بويىچە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا ئومۇمىيۈزلۈك يېڭى ۋەزىيەت ياراتتى.

بۇ ئىدارە ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشنى ئاساس قىلىپ كارخانىنىڭ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولىدىغان ئەمگەك مۇسابىقىسى، تەنتەربىيە پائالىيىتى، نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش، مائارىپقا پۇل ئىئانە قىلىش، ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، مەدەنىيەتلىك بۆلۈم - ئىشخانىلارنى باھالاش، مەدەنىيەتلىك خىزمەتچى، 5تە ياخشى ئائىلە بەرپا قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ ئىدارىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئىشلىرىغا يېڭى تۈس قوشتى. ئۇلار يەنە ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە قارىتىلغان ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنى كۈچەيتىپ ئۇلارنى «بىدئەت تەلىمات»نى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلاشقا، پەنگە ئىشىنىپ خۇراپاتلىققا ئىشەنمەسلىككە توغرا دۇنيا قاراش، قىممەت قارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى تىكلەپ سىياسىي،ئىدىيە تەشكىلىي، ھەرىكەت جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەك بولۇشقا، توغرا ئىستىل يېتىلدۈرۈشكە پائال يېتەكلىگەنلىكتىن، بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر كوممۇنىزملىق ئېتىقادىنى كۈچەيتىپ، كۈچىنىپ ئىشلەپ كارخانىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئىشلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشتى. بۇ ئىدارە ئىلگىرى ئاخىرى بولۇپ «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئىدارە»، «ئىستىل تۈزىتىشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ»، «مەدەنىيەتلىك مۇلازىمەت قىلىشتىكى ئۈلگە كۆرسىتىش كۆزنىكى»، «ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشتى.

ئابدۇسالام فوتوسى

## «ياچېيكا تۇرمۇشى» ژۇرنىلىدىكى بارلىق يولداشلار ئوقۇرمەنلەرگە يېڭى يىل سالىمى يوللايدۇ!



روزا ھېيت 1-ئاينىڭ 8-كۈنى
باھار بايرىمى (چاغان) 2-ئاينىڭ 5-كۈنى
قۇربان ھېيت 3-ئاينىڭ 16-كۈنى

# 2000-يىللىق كالېندار

1

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | 1 |
| 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 |
| 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 |
| 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 |
| 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 |
| 30 | 31 | | | | | |

2

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 |
| 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 |
| 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 |
| 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 |
| 27 | 28 | 29 | | | | |

3

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | 1 | 2 | 3 | 4 |
| 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 |
| 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 |
| 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 |
| 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | 31 | |

4

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | 1 |
| 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 |
| 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 |
| 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 |
| 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 |
| 30 | | | | | | |

5

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 |
| 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 |
| 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 |
| 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 |
| 28 | 29 | 30 | 31 | | | |

6

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | 1 | 2 | 3 |
| 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 |
| 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 |
| 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 |
| 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | |

7

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | 1 |
| 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 |
| 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 |
| 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 |
| 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 |
| 30 | 31 | | | | | |

8

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 |
| 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 |
| 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 |
| 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 |
| 27 | 28 | 29 | 30 | 31 | | |

9

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | 1 | 2 |
| 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 |
| 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 |
| 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 |
| 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 |

10

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 |
| 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 |
| 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 |
| 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 |
| 29 | 30 | 31 | | | | |

11

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | 1 | 2 | 3 | 4 |
| 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 |
| 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 |
| 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 |
| 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | | |

12

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | 1 | 2 |
| 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 |
| 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 |
| 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 |
| 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 |
| 31 | | | | | | |

باھاسى: 3.00 يۈەن، پوچتا نومۇرى: 830003، ۋاكالەت نومۇرى: 42 – 58 《支部生活》维吾尔文版